(ئىچكى ماتېرىيال، دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

# شىنجاڭ مىللەت-دىن خىزمىتى

## 新疆民族宗教工作


2

1997

(ئومۇمىي 20 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى
تەشۋىقات - مائارىپ باشقارمىسى تۈزدى

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# شىنجاڭ
# مىللەت - دىن خىزمىتى

(ئىچكى ماتېرىيال،
دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

1997 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي 20 - سان)

ش ئۇ ئا ر مىللەت - دىن ئىشلىرى
كومىتېتى تەشۋىقات - مائارىپ
باشقارمىسى تۈزدى

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

## مۇندەرىجە

مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، گۈللەنگەن، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى
— مەملىكەتلىك چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ............................................ ئىسمائىل ئەھمەد (1)

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى ...............................
— مەملىكەتلىك چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... جاڭ زوبى (28)

يولداش چېن خوڭنىڭ مەملىكەتلىك چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى .................................................. (36)

### جايلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىدىن تاللانمىلار

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە خىزمىتىدە غول لىنىيىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، تۆتنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، ئومۇمىي نىشانغا يېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى .................................................. (43)

ئىلى ۋىلايىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار تىپ ۋەكىللىرى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى .................. (44)

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى .............................. (45)

قۇمۇل ۋىلايىتى داغدۇغىلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى ... .................................................. (46)

تۇرپان ۋىلايىتىدىكى بىرلىكسەپ، مىللەت - دىن ئىشلىرى سىستېمىسى بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى چاقىردى .................................................. (47)

### تەجرىبە ئالماشتۇرۇش

چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ..............................
— تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چېگرا خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش (مەملىكەتلىك چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ ماتېرىيالى) .............................. (48)

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەت - دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، نۆۋەتتىكى مىللەت - دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى .................... (56)

گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش .............................. (58)

# مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، گۈللەنگەن، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى

— مەملىكەتلىك چېگرا رايون مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

## ئىسمائىل ئەھمەد

(1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، چېگرا رايونلار مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى يەكۈنلەش، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ياراتقان تەجرىبىلەرنى كەڭ تۈردە ئالماشتۇرۇش، چېگرا رايونلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى يەنىمۇ قوغداش، گۈللەنگەن، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

1

ئېلىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، 15 دۆلەت بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ چېگرا رايونلار 40 نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 135 ناھىيە (شەھەر، خوشۇن) بىلەن چېتىشىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 107 ناھىيە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايدۇر. بۇ چېگرا رايونلاردا 30 نەچچە مىللەت ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چېگرا سىرتىدىكى ئوخشاش بىر مىللەت بىلەن قوشنا ئولتۇراقلاشقان. چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى پۈتۈن مەملىكەت مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدە تۈس ئالغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى. چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چېگرا رايونلار، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقى، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىتىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان

دوستانە قوشنىدار مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1979 - يىلى، مەركەز مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، چېگرا رايونلار قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭ سىياسىي فاڭجېنى ۋە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى بېكىتكەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چېگرا رايونلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، 18 يىللىق ئۇلۇغۋار مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش ياساپ، شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. چېگرا رايونلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان چېگرا رايونلار مىللەتلەر خىزمىتى ئوخشاشلا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

**1. مىللەتلەر خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى**

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئىزىغا يۆتكىدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۈچ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت ۋاستىسى قاتارلىق جەھەتلەردە، ھەممە ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، كۆزىتىپ، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چېگرا رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى چېگرا رايونلارغا جايلاشقان 135 ناھىيە (شەھەر، خوشۇن) نىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 78 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى يىلسېرى ئۆردا ئېشىپ، ئۇنىنچىي بەش يىللىق ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچى ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى. شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئۈچ دەريا» نى باش قىلغان ئېچىۋېتىشى زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ مالىيە كىرىمى تېز سۈرئەتتە ئاشتى، بۇلتۇر ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى 10 پىرسەنتكە يەتتى.

جايلار ھەر يەرنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جايلاشتۇرۇش ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە كۈچ چىقاردى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۇنىنچى بەش يىللىق تەرەققىيات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتەردى. يېزا - بازار كارخانىلىرى تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ زورايدى. سانائەت سىستېمىسى كۆلىمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ساياھات ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. سودا مۇلازىمەت، پوچتا - خەۋەرلىشىش، قاتناش - ترانسپورت، پۇل مۇئامىلە، ستراخوۋانىيە، ئۆي، يەر مۈلۈك تەرەققىياتى قاتارلىق3 - كەسىپ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. كەسىپ قۇرۇلمىسى كونېرى مۇۋاپىقلىشىپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىچكى موڭغۇل

ئاپتونوم رايوننىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەۋزەللىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم ئېنېرگىيە بازىسىغا ئايلاندى.

**2. ئېقىمغا ماسلىشىپ، ھەر يەرنىڭ شەرت - شارائىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈپ، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈردى**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ۋە چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. جايلار ئىسلاھاتنى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇردى. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئىسلاھاتنىڭ ھەربىر باسقۇچى، ھەرقايسى تەرەپلىرىگە پائال قاتناشتى، ئالاقىدار تارماقلارغا زىچ ماسلىشىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي نىشانى، سىياسىتى بويىچە، يەرلىكنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى بېكىتتى. چېگرا رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشى دۆلەت ئىچىدىن دۆلەت سىرتىغا كېڭەيدى ۋە قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. 1979 - يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى يىغىنىدا، شەرقىي قىسىمدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ چېگرا رايونلارغا ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش بېكىتىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، چېگرا رايونلار دۆلەت ئىچىگە قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتتى. بۇ خىزمەت تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ مەبلەغ ۋە تېخنىكىسىنىڭ چېگرا رايونلاردىكى تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، چېگرا رايونلارنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. 1987 - يىلى مەركەز تارقاتقان 13 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە، يېڭى مەزگىلدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بېكىتىلدى، چېگرا رايونلارنىڭ پايدىلىق شارائىت پۇرسىتىدىن پايدىلىنىشى كېرەكلىكى ئېنىق كۆرسىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرا رايونلار سىرتقا قارىتا ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چېگرىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

چېگرا رايونلار رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا خەلقى تاۋار ئالماشتۇرىدىغان بازارلارنى ئېچىپ، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1995 - يىلغا كەلگەندە، چېگرا سودىسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 335 مىليون دوللارغا يەتتى. چېگرا رايونلارنىڭ مالىيە كىرىمى ئېشىپ، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرىدىكى شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىپ، چېگرا رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، بازار ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ تاۋار ئېڭىنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

1992 - يىلى، گوۋۇيۈەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خېيخې، غۇلجا، پىڭشياڭ قاتارلىق 13 چېگرا ياقىسىدىكى شەھەرنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تەستىقلىدى، ھەممە چېگرا ياقىسىدىكى

ئېچىۋېتىلگەن 13 شەھەردە چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرا رايونلارنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ئىشى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. تۆت يىلدىن بۇيان، چېگرا ياقىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن 13 شەھەرنىڭ دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا 15 پىرسەنتلىك سۈرئەتتە ئېشىپ، 1995 - يىلىغا كەلگەندە، 4 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى. چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى كۈچەيتىلدى. سانائەت، سودا، ساياھەت قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەر تەڭ ئىلگىرىلەپ، قوشنا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، چېگرا رايونلارنىڭ سىرتقا قارىتىلغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشتە، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ تەرەققىياتى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلار دېڭىز ياقىسى، چېگرا ياقىسى ۋە دەريا ياقىسى بىر گەۋدە قىلىنغان ئەۋزەللىككە تايىنىپ، ئېچىۋېتىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، بىرلىشىش ئارقىلىق ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 100 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، 1995 - يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن ئەمەلىي پايدىلىنىش سەۋىيىسى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 11 - ئورۇندا تۇردى. 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئېشىپ 16 پىرسەنتكە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 9.4 پوئىنت ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى جەھەتتىكى رەت تەرتىۋى 1990 - يىلدىكى 17 - ئورۇندىن 1995 - يىلى 15 - ئورۇنغا ئۆتتى. شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىمۇ جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار بىرلىكتە چېگرا رايونلاردا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىبارەت ئىككى ياقلىملىق، جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىك، شەرق بىلەن غەرب ئۆزئارا تولۇقلاشتىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق ئېچىۋېتىش، ھەمدە ھەممە تەرەپتىن ئېچىۋېتىش يېڭى شەكلىنى قۇرۇپ چىقتى.

**3. دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە چېگرىنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى**

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېنچ، مۇقىم مۇھىت بىلەن تەمىنلەش — چېگرادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى. شۇڭا، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پۇختا ئىگىلەپ، خىزمەت ئىشلەشتە ھەممە ئىش، ھەممە جايدا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى باراۋەر مۇئامىلە قىلىشقا، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تولدۇرۇشقا يېتەكلىدى. تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، رېئاللىققا ئېتىبار بېرىش، تەربىيە بېرىپ قايىل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تۈرلۈك ئىختىلاپلارنى ئۆز ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى مۇسابىقىسى ۋە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى ۋە كەڭ ئامما

ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ئېلىپ باردى. 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايوندا ئارمىيە خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئارمىيە ـ خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈپ ياخشى ئىجتىمائىي خىسلەتنى بەرپا قىلدى. بۇ يىل يىل بېشىدا ئېچىلغان «مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش بويىچە نەمۇنە شەھەر (ناھىيە) لەرگە نام بېرىش يىغىنى» دا، دەندۈك، يەنجى، مەنجولى، مالىپو قاتارلىق چېگرادىكى ناھىيە، شەھەرلەرگە مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىش بويىچە نەمۇنە شەھەر (ناھىيە)، دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

چېگرا رايونلاردا ھەمىشە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزىدىغان بەزى ئالاھىدە مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ باشقا تارماقلارغا ماسلىشىپ خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش، سېرىق، قانۇنسىز بۇيۇملارنى نەشر قىلىش، تارقىتىشنى چەكلەش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تازىلاش، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ئەتكەسچىلىك قىلىش، زەھەرلىك بۇيۇم سېتىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇش، چەت ئەلدىن يوشۇرۇنچە كىرىدىغان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا بېسىلغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى توسۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يۈننەن قاتارلىق جايلار زەھەرلىك بۇيۇملارنى چەكلەش جەريانىدا بىر يۈرۈش ياخشى ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، خەلقئارا زەھەرلىك بۇيۇملارنى چەكلەش تەشكىلاتىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

چېگرا رايونلار دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى جەبھىدۇر. ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش لازىم. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ـ دىن سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسىغا تايىنىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قوغدىدى.

**4. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرادىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى**

مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى تۈپ يول. دۆلەت چېگرا رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. 1979 ـ يىلى گوۋۇيۈەن چېگرا رايونلارغا جايلاشقان ناھىيە (شەھەر، خوشۇن) لەردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى باھالاپ لاياقەتلىك بولغانلىرىنى ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى، بۇ چېگرا رايونلاردا مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئاممىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشتە، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا

ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. جايلار ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مىڭە ئىشلىتىپ ئامال ئىزلەپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاساسىي مائارىپتا جانلىق، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە تاغلىق رايونلاردا ياتاقلىق ۋە يېرىم ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنى قۇردى؛ دىنىنىڭ تەسىرى نىسبەتەن چوڭراق رايونلاردا ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىپ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەجبۇرىي مائارىپنى قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاساسىي مائارىپنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، يېڭى ساۋاتسىزلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش خىزمىتىنى ئىشلىدى؛ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل شەكىللىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپىنى قانات يايدۇرۇپ، ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. چېگرا رايونلار يەنە ئۆز يېرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوقۇتۇش شەكلى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى، شۇنىڭ بىلەن كۆرۈنەرلىك مائارىپ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن: يۈنەن ئۆلكىسىنىڭ شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا 1995 - يىلى ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 94.18 پىرسەنتكە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 96 پىرسەنتكە يەتكەن.

چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. بەزى جايلار پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ سانى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردە مەملىكىتىمىزدىكى ئىلغار ئورۇنلار قاتارىغا كىردى. مەسىلەن: جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يەنبيەن چاۋشيەن ئاپتونوم ئوبلاستىدا، نۆۋەتتە 66 پەن - تەتقىقات ئورنى بولۇپ، ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە 69 نەپەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە 3 مىڭ 73 نەپەر ئادەم بار، بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنىڭ 2.5 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. چېگرا رايونلار يەنە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى، ئاز سانلىق مىللەت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللىدى، ئاساسىي قاتلام پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشكىلىنى قۇردى، كۆپ خىل پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا دائىر ئىلغار تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا پەن - تېخنىكىنىڭ كۆرۈنەرلىك رول ئوينىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

نۇرغۇن تارماقلارنىڭ قوللىشى، قاتنىشىشى بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى. «كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت سارىيى، تېلېۋىزىيە مائارىپى سارىيى ۋە داۋالاش ئورنى» قاتارلىق قاتتىق ماتېرىيال ئەسلىھەسى مۇكەممەللىشىۋاتىدۇ. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئاممىۋىي مەدەنىيەت تورى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى، رادىئو، تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا ئاڭلىتىش تورى ۋە ئاڭلىتىش ۋاقتى كۆپەيدى، بۇ پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئاممىنىڭ

مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا، ئامممىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

چېگرا رايونلارنىڭ تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى، سەھىيە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش مۇلازىمىتى ئۇنىۋېرسال سىستېمىسى شەكىللەندى، ھەر مىللەت ئامممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

**5. پۇختا خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت ئامممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتەردى**

نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە تەييارلىق قىلىپ، ئامممىنىڭ تويۇنۇش - كىيىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چېگرا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم تەرىپى ھېساپلىنىدۇ. چېگرا رايونلارغا جايلاشقان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىدىكى يولداشلار يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە زور قىزغىنلىق بىلەن بۇ خىزمەتكە كىرىشتى. ئاز سانلىق مىللەت ئامممىسىنىڭ كۆزقاراشىنى ئۆزگەرتىشكە، بازار ئىگىلىكى ئېڭىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى. ھەممە تەرەپتىن تىرىشىپ، مەبلەغ ۋە تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەمكارلاشتى. چېگرا رايونلارنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، نۇرغۇن ناھىيىلەر نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، «ھاللىق سەۋىيە» قاتارىغا كىردى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چېگرا رايونلارغا جايلاشقان 21 ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 2 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

چېگرا رايونلاردىكى ئامممىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەزى كونكرېت مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. مەركەزدىكى رەھبىرى يولداشلارنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جەمئىي 400 مىليون يۈەندىن كۆپرەك سۇنى ياخشىلاش مەبلىغى سېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن 524 ئورۇندا ئامبار قۇردى، 581 قۇدۇق قازدى، 12 مىڭ 736 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇربىسى ياتقۇزدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 3 مىليون 20 مىڭ ئامممىنىڭ «كۆلچەك سۈيى» ئىچىش تارىخىغا خاتىمە بەردى.

چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەشكە ئېتىبار بېرىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتە مىللىي سودا سىياستىنى يولغا قويغان 426 ناھىيە ئىچىدىكى 80 نەچچىسى چېگراغا جايلاشقان ناھىيىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىنغان خېلى كۆپ كارخانىلار چېگرىدىكى ناھىيىلەر ئىچىدە، جايلار مىللىي سودىغا ئېتىبار بېرىش سىياستى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئېتىبار بېرىش سىياستىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مىللىي سودا تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئامممىسىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى.

چېگرا رايونلاردىكى ئامممىنىڭ تۇرمۇش شەكلىدە يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر بولدى. شىنجاڭ

چېگرىسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ 1995 - يىلى مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئائىلە سانى چارۋىچىلار ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. چارۋىچىلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، يەم - خەشەك، ئوت - چۆپ بازىسى قۇرۇش ئارقىلىق، قىش پەسلىدە چارۋىلارنى قوتاندا بېقىپ، كۆپ خىل تىجارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. چارۋىچىلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى مەكتەپ، داۋالاش پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيى چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىش، مەكتەپكە كىرىش، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە چېگرا رايونلار نۆۋەتتە يەنىلا كۈچ توپلاش، شارائىت ھازىرلاش، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىمىز، يەنىلا ئاساس ئاجىز، سېلىنما كەمچىل، مالىيە قىيىن، ئۆزى يىغىش، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇشتەك نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مۇساپىسى يىراق ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك.

## 2

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. يۈننەن ئۆلكىسى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ، مەن بۇ يەردە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەھۋالنى يىغىنچاقلاپ ئۆتىمەن. جايلار ياراتقان تەجرىبىلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ:

**1) ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش**

مىللەتلەر خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ چوقۇم پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىنى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ۋەزىيەتنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەرىكەت قىلىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ تۈپ لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىكى سەگەكلىك ۋە سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىكنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، شۇنداقلا پۈتۈن دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش لازىم.

پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش - بارلىق خىزمەتلەردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بويسۇنۇش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ئىگىلەش ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش — ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ئارقىلىق مىللىي مەسىلىلەرنى تونۇشتا چىڭ تۇرۇپ،

سوتسىيالىستىك پرىنسىپ ئارقىلىق مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

**2) ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش**

ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش — باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى كۆپرەك، تېزرەك ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان تەجرىبىلەرنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. مىللەتلەرنى باراۋەر، ئىتتىپاق، ئىناق، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان، ھەمكارلىشىدىغان قىلىپ، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ كۆرەش قىلىش كېرەك. ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇشتا ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش لازىم. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى 56 مىللەت بىرلىكتە بەرپاقىلغان، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز دۆلىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك خەلقنى سەپەرۋەر قىلىدىغان، كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرىدىغان زور مەنىۋى كۈچ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىچكى جەھەتتە زىچ مۇناسىۋەتلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندىلا، ئاندىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پۇختا ئاساسقا ۋە ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبى ۋەتەنگە تېخىمۇ چىڭ باغلىنىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدۇ.

تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە باشتىن - ئاخىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چېگرا رايونلارنى تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چېگرا رايونلاردىكى خەلقنى تېزرەك بېيىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭى قىياپەت، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن سوتسىيالىزم داغدام يولىدا مەردانە ئالغا باستۇرۇشى كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن مىللەتلەر تەرەققىياتى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىتتىپاقلىق — تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، تەرەققىيات ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەرنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتە، چوقۇم چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ھەر مىللەت خەلقىنى بىر نۇقتىنى ئويلاپ، بىر نۇقتىغا كۈچ چىقىرىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان قىلىش كېرەك. ئىقتىساد تەرەققىي قىلسىلا، ئاندىن چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ.

**(3) ھەر يەرنىڭ ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىش**

دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك يەر شارائىتىنىڭ پەرقى چوڭ،

چېگرا رايونلاردا مىللەتلەر كۆپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشى ئەمەس. بۇ كونكرېت ئەھۋاللار چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە ھەر يەرنىڭ ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتىن ساقلىنىپ، تەڭ قەدەمدە مېڭىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بەلگىلىدى. ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ ئۇسۇلىنىڭ چېگرا رايونلارغا ماس كېلىشى ناتايىن، ئوخشاش بىر چېگرا رايوندا شەرق تەرەپ بىلەن شىمال تەرەپنىڭ، جەنۇپ تەرەپ بىلەن شىمال تەرەپنىڭ ئۇسۇلىدا پەرق بولىدۇ، تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنىمۇ بىر تۇتاش ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چوقۇم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەر يەرنىڭ ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىپ، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرغاندا، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تەرەققىيات يولىدا ماڭغىلى بولىدۇ. جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇۋاپىق تۈردە بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى؛ بەزىلىرى رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى؛ يەنە بەزىلەر ئىچكى - تاشقى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ھەر يەرنىڭ ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈشتە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى، سىياسەت - تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

## (4) پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا، چېگرا رايونلارمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئورتاق بولغان پۇرسەتكە ئېرىشىپلا قالماستىن، يەنە چېگرا رايون ئالاھىدە پۇرسەتلىرىگە كۆپ قېتىم دۇچ كەلدى: 80 - يىللاردا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرستى بارلىققا كەلدى؛ 90 - يىللاردا گوۋۇيۈەن چېگرا رايونلارغا جايلاشقان خېيخې، سۇيفېنخې، خۇيچۈن، مەنجۇلى، غۇلجا، رۇيلى قاتارلىق 13 شەھەرنى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىش ۋە ئۇ يەردە چېگرا سودىسى ھەمكارلىق رايونى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىغان پۇرسەت بارلىققا كەلدى. چېگرا رايونلار بۇ تارىخىي پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىچكى جەھەتتە ئۆزىگە تارتىپ، تاشقى جەھەتتە بىرلىشىپ، ئىقتىساد تەرەققىياتىنى تولۇق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، تەرەققىياتقا ئىنتىلىشتە، يەنىلا تەرتىپ بويىچە ئىلگىرىلەش، مادارغا قاراپ ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشتا، سەزگۈر بولغان ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. پۇرسەت كەلسىلا ۋاقتىدا ئىگىلەش ۋە چىڭ تۇتۇش، تېزدىن ھەرىكەت

قولللىنىپ، پۇرسەتنى كۆچكە ۋە ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئاستا ئىنكاس قايتۇرۇشقا، ئارىسالدى بولۇپ قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ. ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا ئىمكان بولمايدۇ.

**(5) كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، باتۇرانە يېڭى يولداش مېڭىش**

ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش، پۇرسەتنى ئىگىلەش — ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ۋە كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىشتىن ئايرىلالمايدۇ. تارىخى، جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستا بولدى. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقارىشى مۇناسىپ تەسىر ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىدى، بۇ چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە چوقۇم ئىدىيىنى ئازد قىلىپ، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىش لازىملىقىنى ھەمدە ئىدىيىنى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىدىيە قاتماللىشىپ، كۆزقاراش كونىراپ كەتسە، مۇقەررەر ھالدا ھەرىكەتتىكى بېكىنمىلىك ۋە ئاستىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىدىيە ئازاد بولسا، كۆزقاراش يېڭىلانسا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە قىياپەتنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش — تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ سوبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرىدۇ، «سول» ياكى «ئوڭ» توسالغۇدىن خالى بولىدۇ. توغرا دۇنيا قاراش ۋە ئۇسۇل نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەت ۋە ئامممىنىڭ تۇنجى روھىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. شۇڭا، ھەممىدە چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۈچ «پايدىلىق» ئارقىلىق ھەق - ناھەقنى ئۆلچەش لازىم. ئۆزى توغرا تاپقاننى يۈرەكلىك ئىشلەش لازىم. باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشنى، ئۆزىدە شارائىت بولسىلا، ئەمەلىيەت جەريانىدا باشلامچى بولۇپ ئىشلەپ، ئىلگىرىكىلەر مېڭىپ باقمىغان يولدا مېڭىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىتنى تولۇق ئويلىشىپ، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ياخشى ئىجرا قىلىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش بىلەن كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىشنىڭ چېكى يوق، ئۇنىڭدا بىر قېتىملىق ئەجىر بىلەن مەڭگۈ راھەت كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شەيئىلەر مەڭگۈ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ماسلاشتۇرىمەن، دەيدىكەن، كۆزقاراشنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كېرەك. مۇشۇ 10 نەچچە يىللىق مۇساپىنى ئەسلەيدىغان بولساق، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھەر بىر نەتىجىسىنىڭ قولغا كېلىشى ئىدىيىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە كۆزقاراشنىڭ يېڭىلىنىشىدىن ئايرىلمىدى.

**(6) پائال ماسلىشىپ، ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش**

چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىغىلا تايىنىپ يەككە ئورۇش قىلغاندا خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگىلى

بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا، تەسەۋۋۇرنى كېڭەيتىپ، يول ئېچىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان قىلىش، بولۇپمۇ مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئارمىيە خەلق بىرلىكتە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا ئورۇندالدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ھەر بىر نەتىجىسىدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە نۇرغۇن يولداشلارنىڭ قان - تەرى بار.

ئالاقىدار تارماقلارنى مىللەتلەر خىزمىتىگە قاتنىشىشقا ۋە ئۇنى قوللاشقا تەشكىللەش جەريانىدا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىدا تەشەببۇسكارلىق روھ، ئىجاتچانلىق روھ ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئۇلار پارتكومنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، ياردەمچىسى بولۇشى، ئالاقىدار پارتىيە - ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ئالاقىدار خىزمەتلەردە، ياخشى ئامىللارنى ئويلاپ چىقالايدىغان بولۇشى، قىممەتلىك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇشى، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان لايىھىلەرنى تۈزۈپ چىقالايدىغان بولۇشى، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى يىغالايدىغان بولۇشى، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. خۇددى بەزى جايلار يىغىنچاقلىغاندەك «ئىستېداتلىق بولغاندىلا ئورنى بولغان بولىدۇ».

**(7) ئۆزىدىكى ئىقتىدارنى چېنىقتۇرۇپ، غەيرەتكە كېلىپ ئىلگىرىلەش**

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە، ئىچكى كۈچ بىلەن تاشقى كۈچ، ئۆز كۈچىگە تايىنىش بىلەن دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇتلەق كۆپ ساندىكى چېگرا رايونلارنىڭ ئاساسى ئاجىز، بەزى رايونلاردا ئورۇشتىن قېپقالغان قالدۇق ئامىللار بار. شۇڭا ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭ، بۇنىڭدا دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، دۆلىتىمىز يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولغاچقا، مالىيە ۋە ماددىي كۈچى چەكلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن، چېگرىدىكى ئاز

سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگىكى ئارقىلىق گۈزەل دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقا تايىنىش كېرەك. «كۈتۈپ تۇرۇش، تايىنىــــش، سوراش» پەقەتلا پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدۇ. ئاما ئارىسىغا زور تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجاتچانلىق قىزغىنلىقى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ خىل قىزغىنلىقنى قوزغىغاندىلا نەتىجە ۋە مۆجىزە ياراتقىلى بولىدۇ.

پەقەت چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈچىگىلا تايىنىپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاسان ئەمەس، بۇ جەھەتتە يەنە دۆلەتنىڭ ياردىمىگە ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئەڭ ئاخىرقى نىشان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇڭا، چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۆز كۈچىگە تايانغاندا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دۆلەت يۆلىگەندە ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلار ياردەم بەرگەندە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولىدۇ، مانا بۇ جايلارنىڭ ئورتاق تەجرىبىسى.

ئۆز كۈچىگە تايىنىش بىلەن دۆلەتنىڭ ياردىمى مۇناسىۋىتىنى تونۇش ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ دۆلەتنىڭ سىياستى ۋە ياردىمىنى ياخشى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. ياخشى خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق چېگرا رايونلاردىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ سوبيېكتىپ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرغىلى، ئىچكى كۈچىنى قوزغىغىلى، دۆلەت سىياستىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى، دۆلەتنىڭ ياردىمىنى ھەقىقىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

**(8) بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، چېگرىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش**

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، يەرلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلقنى بېيىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. باشتىن - ئاخىر ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىشنى ئۈنتۇپ قالماسلىــق كېرەك. بەزى جايلار «چېگرىنــــى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويدى. دۆلەت چېگرا رايونلارنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قانداق قىلغاندا چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش، دۆلەت مەنپەئەتى، رايون مەنپەئەتى، چېگرىدىكى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە بىر تۇتاش تەييارلىق قىلىپ، تەڭ ئېتىبار بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق ئويلاشتى. ئاما بېيىغاندىلا، ئاندىن چېگرا رايونلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى كەڭ، پۇختا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

چېگرىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىشتا، كۆڭلىمىزدە خەلق ئاممىسى بولۇشى، خەلق

ئاممىسىنى ئويلىشىمىز، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىمىز، خەلققە پايدىسىز ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقىمىز، ئۇنى توسۇشىمىز كېرەك. ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ نىشانىنى بېكىتكەندە، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزگەندە، رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى ئويلىشىش كېرەك.

3

يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، بىزدىن چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش؛ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش، گۈللەنگەن، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش، چېگرا رايونلارنى سىياسىي جەھەتتە مۇقىم ئىتتىپاق قىلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىياتنى تېزلىتىش، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى رەڭدار قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، چېگرا رايونلارنى ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان بىرلىككە كەلگەن مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم بەلۋاققا ئايلاندۇرۇش، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى قىياپىتى ۋە ئۈلۈغ تۆھپىلىرىنى نامايەن قىلىدىغان چوڭ كۆزنەككە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

كونكرېت خىزمەتلەردە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپلەرنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇش كېرەك:

**(1) چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ ۋە تونۇپ يېتىپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش**

چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭدا دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئومۇمىيلىق ھەم ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىك بار. بۇ ئالاھىدىلىك چېگرا رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەستايىدىل

تەھلىل قىلغاندا ۋە تونۇپ يەتكەندە، ئاندىن چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ چېگرا ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، رايون ئالاھىدىلىكى. چېگرا رايون، دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى چېگرىغا يېقىن زېمىن دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇ قوشنا دۆلەت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ۋە مۇناسىۋەت باغلايدىغان رايون بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداشتىكى ئالدىنقى بازا، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى بۆلگۈنچىلىك قىلىش، سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى سەپ.

ئىككىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىك. چېگرا رايونلاردا مىللەتلەر كۆپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ يەردىكى مىللەتلەر چېگرا سىرتىدىكى ئوخشاش مىللەتلەر بىلەن قوشنا ئولتۇراقلاشقان. دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىدىكى ناھىيە (شەھەر، خوشۇن) لار ئىچىدە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار 79 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، نۇرغۇن چېگرا رايونلار ئاز سانلىق مىللەت رايونىدۇر، چېگرا رايون خىزمىتى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئىقتىساد ئالاھىدىلىكى. دۆلىتىمىزنىڭ يەر مەيدانى كەڭ، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان ئىقتىساد تىپىنى شەكىللەندۈرگەن: بەزىلەر بېلىقچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، بەزىلەر چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، بەزىلەر دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تارىخى، جۇغراپىيىۋى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى؛ بەزىلەرنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى، بەزىلەرنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولدى، بەزىلەر تويۇنۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، بېيىش يولى - ھاللىق سەۋىيە يولىغا قاراپ ماڭدى، يەنە بەزىلەر يەنىلا تويۇنۇش - كىيىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ.

تۆتىنچى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى. چېگرا رايونلار ۋەتىنىمىزنىڭ چەت ياقىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئالاھىدە مۇھىت مىللەتلەرنىڭ رەڭدار مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. دىنىي ئېتىقات جەھەتتىن قارىغاندا: بەزىلەر خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزىلەر پروۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، بەزىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، بەزىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ؛ تىل سىستېمىسى جەھەتتىن قارىغاندا، بەزىلەرنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ، بەزىلەرنىڭ تىلى خەن - زاڭ تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. بەزىلەرنىڭ تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ تىلى جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

بەشىنچى، تەبىئىي ئالاھىدىلىك. چەكسىز كەتكەن چېگرا رايونلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى

ئۆزئارا ئوخشىمايدۇ، بەزى رايونلار ئورمانلىق، بەزى رايونلار تۈزلەڭلىك، بەزى رايونلار چەكسىز كەتكەن يايلاق، بەزى رايونلار ئېدىرلىق، هاۋا كىلىماتى جەھەتتىن قارىغاندا، بەزى رايونلار ئىسسىق بەلۋاغقا كىرىدۇ، بەزى رايونلار سۇبتىروپىك بەلۋاغقا كىرىدۇ، يەنە بەزى رايونلار تىپىك بولغان مۆتىدىل چوڭ قۇرۇقلۇق هاۋا كىلىماتىغا تەۋە.

بۇ ئالاھىدىلىكلەر دۆلىتىمىز چېگرا رايونلىرىنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا زور تەسىرگە ئىگە. چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى پۇختا ئىگىلەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك.

**(2) ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش**

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق بولمىسا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، مىللەتلەرنى باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، دوستانە ئۆتىدىغان قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەش ۋە قوغداش كېرەك.

ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە، چېگرا رايونلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نۇرغۇن ئىلغار تىپلار مەيدانغا كەلدى. شۇڭا، ھەرقايسى سەپلەردىكى باتۇر، نەمۇنىچى كىشىلەرنى تەشۋىق قىلغانغا ئوخشاش، چېگرا رايون مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار تىپلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە، سەھنە ۋە تۈرلۈك ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىش، ئۇلارنى ھەممە بىلىدىغان، ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان، باشقىلار ئۆگىنىدىغان ئۈلگىگە ئايلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىگە كىرگۈزۈش، چېگرا رايونلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى قارارىدىكى تەلەپ بويىچە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى ئىلغار تىپلارنى بەرپا قىلىشتىكى ھەرخىل، ھەرياڭزا، تەسىرلىك ۋە جانلىق پائالىيەتلەرنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەت بۇ خىل پائالىيەتنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى ئۈنۈملۈك بىر چارە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا بۇ پائالىيەتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چېگرا رايونلاردىكى يېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، زاۋۇتلاردا، مەكتەپلەردە، قىسىملاردا چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى كەڭ ئاممىۋى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇش كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىك — پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بايراق. چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك شەرەپلىك ئەنئەنىسى بار، ئۇلار چېگرا رايوننى قوغداش، قۇرۇپ چىقىش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جاھانگىرلارنىڭ كۈچلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى چېگرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىرادىسىنى ۋە ئىشەنچىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى. ھەرقايسى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، قىلچە قورقماي، باتۇرانە كۈرەش قىلغان قەھرىمانلار مەيدانغا كەلدى. مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، چوقۇم مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك، چېگرا رايونلاردا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە جاپالىقلىقىنى تولۇق تونۇش لازىم. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىز چېگرا رايونلىرىنى ئېلىمىزگە قارىتا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش، سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىكى نۇقتىلىق رايون قىلىۋالدى. چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار چېگرا رايونلاردا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ ياكى تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقىتىپ، شوئار چاپلاپ، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا ئەكسىيەتچىل تەشكىلات قۇرۇپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پارتىلىتىش قاتارلىق تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ ياكى دىنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق چېگرا رايونلاردىكى خەلقنى پارچىلاۋاتىدۇ؛ قوشنا دۆلەت چېگرىسىدىكى خەلق بىلەن بولغان باردى - كەلدىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مىللەتنىڭ خائىنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز ۋە تايىنىشىمىز كېرەك. خەلق ئاممىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي قوشۇنى، شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئاساسىي قوشۇن. ئۇلارغا تايانغاندا، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگىلى، ھەر ۋاقىت ئۈستۈنلۈكتە تۇرغىلى بولىدۇ. جايلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئاممىۋىي خىزمەتكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى ئەمەلىيەتتە ئاممىۋىي خىزمەتتۇر. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلىشتە كەڭ ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يۈزلىنىش، كەڭ ئامما ۋە كادىرلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى ئاستىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا

ئېتىپاقلاشتۇرۇش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش كېرەك.

**(3) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا، چېگرا رايونلارنىڭ ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشى ئۈچۈن پۇختا خىزمەت ئىشلەش**

چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. بۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا رايونلار بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلار ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرق ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش كېرەك. پەرق مەسىلىسى ئۇزاق مەزگىل ھەل قىلىنمىسا، ئۇ مەلۇم شارائىتتامۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىغاندىلا، ئاندىن چېگرا رايونلارنىڭ ئۇزاق مەزگىل مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. چېگرا رايونلارنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، رايون ئەۋزەللىكى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئۆزگەرتىپ، بازارغا يۈزلىنىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، «ئىككىنى ئۆزگەرتىش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى يادرو قىلىپ، چېگرا رايونلارنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. چېگرا رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە، چېگرا رايونلارنىڭ بايلىق قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ خىل بولۇش ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش، تەرتىپلىك ھەرىكەتلەندۇرۇش ۋە بازارغا يۈزلىنىشتەك كەسىپ شەكلىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىسىنى بازار كۆزقارىشى ۋە رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىشكە پەيدىن پەي يېتەكلەپ، چېگرا رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چېگرا رايونلار بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ پەرقىنى بارا - بارا كىچىكلىتىش كېرەك.

ئاساسىي ئەسلىھەلەرنىڭ ئارقىدا قېلىشى چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان مۇھىم ئامىل، دۆلەت ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشنى بېكىتىپ، چېگرا رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئارقا سەپ كۈچىنى كۈچەيتتى. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مۇشۇ جەھەتتە مۇناسىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىشى، بولۇپمۇ چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان قاتناش، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بۇ ئارقىلىق ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

چېگرا رايونلارنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا بولغان

ئېچىۋېتىشنى ياخشىلاش كېرەك. ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى، كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىشىش جەريانىدا ئورتاق تەرەققىي قىلىش كېرەك. چېگرا رايونلار قوشنا ۋە يېقىن دۆلەتلەرگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى ئالدىنقى سەپ بولۇپ، ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئەمما چېگرا رايونلار سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمى كېيىن قالغان رايون بولغاچقا، ئۇلارنىڭ رايون ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. شۇڭا ئۆتكەن بىر مەزگىللىك سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازات قىلىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇناسىپ سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇمشاق ماتېرىيال قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئېچىۋېتىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چېگرا رايونلارنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى يېڭى بىر پەللىگە، يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

چېگرا سودىسى چېگرا رايونلارنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشتىكى بىر خىل شەكىل شۇنداقلا چېگرا رايونلارنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشتىكى ئاساسىي ئەۋزەللىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، سېپىرلىپ چۇشۇش ۋە يىگىلەپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چېگرا سودىسىنى يېڭى بىر تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش لازىم، شارائىتى يار بەرگەن ئورۇنلار يەنە چېگرا سودا بازارلىرىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

**(4) نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، نامرات رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، چېگرا رايونلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش**

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بېكىتكەن ستراتېگىيىلىك نىشان، كەڭ نامرات ئاممىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى، شۇنداقلا خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي تەلەپ، بۇ خىزمەت مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چېگرا رايونلار نامرات نوپۇس بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى مۇھىم جاي. نامراتلىقنىڭ ھەل قىلىنىشى تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا پايدىلىق. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى چوقۇم نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، نامرات رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋە جىددىي خىزمىتى دەپ بىلىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە چېگرا رايونلاردىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى قىلىشى كېرەك.

چېگرا رايونلارنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، نامرات رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

خىزمىتىنى مەركەز بىكىتكەن ئاساسىي فاڭجىن ۋە تەلەپ بويىچە چىڭ تۇتۇپ پۇختا ئىشلەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان چېگرا رايونلار ئاممىنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزى قىلىشى، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، نامرات رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىشى لازىم؛ تەرەققىي قىلدۇرۇش شەكلىدىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىشى بىلەن دۆلەت ياردىمىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى چېگرا رايونلارنىڭ مەبلىغىنى ئېچىشقا تەشكىللەپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئۆزى مەبلەغ توپلاش، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى كېرەك. شارائىتى يار بەرگەن چېگرا رايونلار ئاممىنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشى كېرەك. بۇ كەسىپلەرنى ھەممە ئائىلە ئىشلىيەلەيدۇ، ئۇنىڭدا ھەممە ئائىلە نەپ ئالالايدۇ. شۇڭا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغىنى ئالدى بىلەن مۇشۇ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىش كېرەك. چېگرا رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداشقا ۋە ياخشىلاشقا دىققەت قىلىش، ئاممىنى كۆچەت تىكىش، ئوتلاق بەرپا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش، سۇ تۇپراقنى ياخشىلاش، تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ، ئېتىز - ئېرىق ۋە تاش يول ئىشلىرىنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىزچىل تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. پەن - تېخنىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىشنى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنىڭ كۈچلۈك ۋاستىسى قىلىش كېرەك. نامرات ئاممىنى ئاسان ئىگىلىۋالغىلى بولىدىغان، تېز ئۈنۈمىنى كۆرىدىغان ئەمەلىي پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئاممىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىنى كېڭەيتىپ، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئالاقىدار سىياسەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، نوپۇسنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نوپۇسنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان بېسىمىنى يەڭگىللىتىش كېرەك.

نوپۇسى بىرقەدەر ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. چېگرا رايونلاردا نوپۇسى ئاز مىللەتلەر بىرقەدەر كۆپ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىسبەتەن ئاسان، بۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىق بىر مىللەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە مۇۋاپىق مايىل بولۇش، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى تېپىشىغا ياردەملىشىش، ئۇلارغا تەرەققىيات نىشانىنى تۇزۇپ بېرىش ھەمدە ئۇلارنىڭ بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

چېگرا رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يىغىنچاقلىشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى چېگرارايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشقۇرۇشىدىكى مەبلەغنى بۇ يىل چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مايىللاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

**(5) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشىنى تىرىشىپ ساقلاش ھەم يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. بەزى يولداشلار ـ سىياسەت پۇل ۋە ئۈنۈم دېمەكتۇر، دەپ توغرا ئېيتتى. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ نۇرغۇن مۇھىم ھۆججەتلىرىدە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ئېنىق كۆرسىتىلدى ياكى تەكىتلەندى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى سىياسىي كۆزقاراشنى پۇختا تىكلەپ، سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقىنى ۋە ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

دۆلەت چېگرا رايونلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بەزى رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان رول ئوينايدۇ. شۇڭا، چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئالاقىدار سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات قەدەمى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىش جەريانىدا، بەزى ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئۆزگەرگەن ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمىدى. بەزى كونكرېت سىياسەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ياكى بىكار قىلىنىشى تەبىئىي بىر ئىش. سىياسەت مەلۇم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ئوبيېكتىپ ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بەزى سىياسەتلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئەمما، بەزى كونكرېت بولغان ئاز سانلىق مىللەت ئىقتىسادىي سىياسىتىگە قارىتا ئېيتقاندا، مەيلى ئۇ ئۆزگەرسۇن ۋە ياكى ئۆزگەرمىسۇن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بولۇشى كېرەك. شۇڭا يېڭى سىياسەت بىلەن كونا سىياسەتنىڭ باغلىنىشىغا دىققەت قىلىش، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىدىغان يېڭى سىياسەتنى تۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش

كېرەك. بۇ جەھەتتە، چېگرا رايوندىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، دەلىللەپ، شۇ ئاساستا مۇناسىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك. چېگرا رايونلارنىڭ تۇرلۇك سىياسەتلىرى داۋاملىق ۋە مۇناسىپ مۇقىملىقنى ساقلىشى ھەم تەرەققىيات خاراكتېرى ۋە ماسلىشىش خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. نۆۋەتتە، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى قانداق قىلغاندا مىللىي سىياسەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرغىلى، مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقى جەھەتتە كۆپرەك خىزمەت ئىشلىشى كېرەك.

سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ھەم پرىنسىپاللىقتا چىڭ تۇرۇش ھەم جانلىق ۋە ئېجاتچانلىقىقا دىققەت قىلىش، شۇنداقلا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن سىياسەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەرقايسى قوشنا دۆلەتلەر باشقا رايونلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بەزى چېگرا سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىققان بولىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، چېگرا سىياسەتلىرىدىمۇ پەرق بولغان بولىدۇ، ئوخشاش بولمىغان چېگرا سىياسىتى ئوخشاش بولمىغان نەتىجە پەيدا قىلىدۇ. قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا سىياسىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

**(6) ئۈچ خىل قوشۇننى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات كۈچىنى كۈچەيتىش**

چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتە، چېگرا رايونلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى، پەن - تېخنىكا قوشۇنى ۋە كەسپىي ئىشچىلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش ۋە زورايتىش - چېگرا رايونلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھاياتىي كۈچىنىڭ ئاساسىي ھالقىسى. شۇڭا، ئىچكىرىدىكى كادىرلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى چېگرا رايونلارغا كېلىپ تۆھپە يارىتىشقا داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، چېگرا رايونلار سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم بولغان، كەڭ ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارقوشۇنىنى يېتىلدۈرۈپ چىقتى، ئۇلار ھازىر چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان، چېگرا رايون ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم تايانچ كۈچكە ئايلاندى. ئەمما، چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى مەيلى سان جەھەتتىن، سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن يەنىلا چېگرا رايونلارنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەلىپىگە پۈتۈنلەي ماسلىشىپ كېتەلمىدى. شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى

ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بويىچە، داۋاملىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش، بولۇپمۇ ئەسىر ھالقىيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىدىيىۋى نەزەرىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايونلارغا ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇشقا ئەۋەتىش، بۇ ئارقىلىق كادىرلارنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا كادىرلار قوشۇنىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. چېگرا رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى پەن - تېخنىكا مىقتارى ناھايىتى تۆۋەن، شۇنىڭغا مۇناسىپ پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئاز ھەم ئۇلارنىڭ ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەنرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. پەن - تېخنىكا قوشۇنى چېگرا رايونلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چېگرا رايونلاردا ھازىر بار بولغان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىشى ۋە قوغدىشى كېرەك، ئۆز رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا قوشۇنىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ ۋە ئۇنى زورايتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش يولىغا يۆتكەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئىشچىلار قوشۇنى يېڭى تىپتىكى ئەمگەكچىلەر قوشۇنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قوشۇننىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە زورىيىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن زامانىۋى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ. چېگرا رايونلارنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىشچىلار قوشۇنىمۇ بىر قەدەر ئاز. چېگرا رايون سانائىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئىشچىلار قوشۇنىمۇ تەدرىجى زورىيىدۇ. چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ قوشۇننىڭ چېگرا رايوننى قۇرۇپ چىقىش ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

**(7) چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش**

چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي

كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مەدەنىيەت ئاساسى ئەسلىھەلىرىنىڭ قالاق بولغانلىقى، چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئېغىر توسالغۇ بولدى. مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ كەمچىل بولۇشى مۇناسىپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى چېگرا رايونلاردا تۈرلۈك قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ كەمچىل بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ چېگرا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشى لازىم. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رادىئو - تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. كۆپ خىل شەكىلدىكى مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ كىنو كۆرۈشى، تىياتىر كۆرۈشى، كىتاب سېتىۋېلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. مىللىي تۈس ئالغان ئاممىۋىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ سىرتنىڭ مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سېرىق بويۇم، قىمار ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ زىيىنىنى قەتئىي تازىلاپ، چېگرا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

ئالاقىدار تارمالارغا ماسلىشىپ چېگرا رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ساۋاتسىزلارنى تېرىشىپ تۈگىتىپ، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. چېگرا رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىدا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، چېگرا رايونلار ئۈچۈن لاياقەتلىك قۇرغۇچىلارنى يېتىلدۇرۇپ بېرىش كېرەك. كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مائارىپنى چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. شارائىتى يار

بەرگەن جايلاردا، يېزىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىي ئەنئەنىۋىي تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىكنىڭ تەرەققىياتىغا پائال ياردەم بېرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بەدەن ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز كۆچەيتىش كېرەك.

**(8) چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش**

مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭدا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆگىنىشنى تەكىتلەپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، ساغلام كەيپىياتنى تەكىتلەپ، ۋەزىيەت ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. تىرىشىپ خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇل خاراكتېرلىك خىزمىتى. شۇڭا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىدە تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدا، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش، يېڭى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چوقۇم تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بولۇپمۇ چوڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تىرىشىپ ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر تەكلىپ ۋە تەدبىرلەرنى

ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئۆز رايونىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى پائال ئىنكاس قىلىپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇش كېرەك. ئەلۋەتتە يەنە يەرلىكتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، بەزى كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 4

مەن يەنە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1997 - يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن. بۇ يىللىق ئومۇمىي خىزمەت تەلىپى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 -، 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ۋە 15 - قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ياخشى ئىشلەش؛ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى پۇختا ئىگىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش يولىنى ئېچىپ چىقىش؛ چوڭ ئىشلارنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئۈلگە تىكلەپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ يىل نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەشكە تېگىشلىك كونكرېت خىزمەتلەر ئاساسەن:

(1) پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەشۋىق تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىلىق بولغان ئىدىيىۋىي ئەخلاقنى رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە قوللاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت

رايونلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش.

(2) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش؛ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا قارىتا تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش. مەملىكەتلىك چېگرا رايون، نامرات رايون، چارۋىچىلىق رايونى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىنى ياخشى ئېچىش، بۇ رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى ئىگىلەپ، بۇ رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ئالاھىدە قىلىپ، تېخىمۇ چوڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈش.

(3) پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئىچكى موڭغۇلغا بېرىپ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەشكە قاتنىشىش.

(4) ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، «دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقى تەربىيىسى 3 - بەش يىللىق پىلانى» نى يولغا قويۇش، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، 100 گە يېقىن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسنى مۇكاپاتلاش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن، زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش.

(5) ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى ۋە تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش، «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش، كادىرلار مائارىپىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش سالمىقىنى زورايتىش.

يولداشلار، بۇ يىل دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل، دۆلىتىمىز شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، پارتىيىمىز 15 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىدۇ، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى بۇ ئىككى چوڭ ئىشنى چۆرىدىگەن ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۆز بۇرچىمىزنى ئەستە ساقلاپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئېچىش، گۈللەنگەن، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

# رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئۇلۇكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى

— مەملىكەتلىك چېگرا رايون مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**جاڭ زويى**

1997 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك چېگرا رايون مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئېچىلدى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن ھەم يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىغا ئوخشاش ئاساسىي مەقسەت ۋە ۋەزىپىگە ئىگە بولغان، ھەم ئىلگىرى ئېچىلغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىغا ئوخشىمايدىغان مۇھىم نۇقتا ۋە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا يېڭىلىق يارىتقان، مۇھىم نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئالاھىدىلىكلەر روشەن بولغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ قېتىمقى چېگرا رايون مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور دەپ قارايمەن. ئۇ كېيىنكى كەينىدىن ئېچىلىدىغان نامرات رايون، چارۋىچىلىق رايونى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش ئالدىدا ئېچىلدى. ئۇ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ۋە يېڭى ۋەزىپىسى ئالدىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تۇرلەرگە ئايرىپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ، پۈتۈن مەملىكىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئومۇمىيلىقنى ئىزلەش ۋە ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىدۇ ۋە تونۇپ يېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىكى قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى يەنىمۇ پۇختا ئىگىلەپ، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ۋە تېخىمۇ چوڭ ئۈنۈمگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋە كەڭ تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغانلىقىنى، خىزمەتلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە تېخىمۇ

پۇختىلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تولۇق ئىشەنچىمىز بار.

ئەسلىدە سۆزلەش ئويۇم يوق ئىدى. لېكىن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە يۈننەن قاتارلىق جايلارنىڭ چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئاڭلاپ زور تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئۆزۈمنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتىكى بىرنەچچە تۈرلۈك تەسىراتىمنى ۋە تونۇشىمنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن، يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى سورايمەن.

## 1. تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش

مىللىي مەسىلە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە، مىللەتلەر خىزمىتى ئېلىمىز ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئەزەلدىن مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن ئاخىر مىللەتلەر خىزمىتىنى گەۋدىلىك مۇھىم ئورۇنغا قويدى. ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى پېشقەدەم بىر ئەۋلات پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مىللەتلەر خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى، ھەمدە ئۇزاق مەزگىللىك ئىنقىلابىي ھاياتىدا ئۆز تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۆزلىرى بىۋاسىتە تۇتۇپ ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئېلىمىز مىللەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز جانلاندۇردى. ئۇزاق مەزگىللىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە، پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ پرىنسىپىنى ئېلىمىز ئاز سانلىق مىللەتلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى غەلىبىلىك ھەل قىلىپ، مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ تەجرىبىلىرىنى يىغىپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى بېيىتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 - ئەۋلات مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىۋى مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، يېڭى مەزگىلدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم: «مىللەت، دىن خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق»، دەپ تەكىتلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللەتلەر خىزمىتىگە تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، توپلانغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توغرا تەدبىقلاپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز

كۆچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. ئەمەلىيەت ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن ھەر بىر نەتىجىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ۋە كەڭ ھەرمىللەت كادىرلار، ئاممىسىنىڭ پائال قاتنىشىشى ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى — دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇنداقلا مىللەتلەر ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر قىسمى، ئۇ دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن چېگرا رايونلار ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بولۇپ قالغان، چېگرا رايون خىزمىتىمۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مىللەتلەر خىزمىتى بولۇپ قالغان. ئېلىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 103 مىليون بولۇپ، 30 نەچچە مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك چېگرا رايوندا، دۆلىتىمىزدىكى 5 مىللىي ئاپتونوم رايوننىڭ 4 ى چېگرىغا جايلاشقان، دۆلىتىمىزدىكى 121 مىللىي ئاپتونوم ناھىيىنىڭ 107 سى چېگرا رايونغا جايلاشقان. مەيلى نوپۇس ۋە رايون جەھەتتىن بولسۇن چېگرا رايون ۋە چېگرا رايوندىكى نوپۇس مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى چىڭ تۇتقانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چىڭ تۇتقانلىق. چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىك — مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن شانلىق سەھىپە ئاچتى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇرسەت ۋە ئېلىشىش پۇرسىتى ئېلىپ كېلىپ، چېگرا رايونلارنى ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئېغىزى، ھەم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر، شۇنداقلا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى بازا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چېگرا رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار ۋە مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، مۇرەككەپلىكى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتىكى سەزگۈرلۈك ۋە مۇقىملىقنى ساقلاپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئورۇنغا قويۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىشى كېرەك.

## 2. ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش

سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بەلگىلىگەن. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھەممە مىللەت ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە ئۆز ئارا باراۋەر بولۇپ، ئۆز ئارا ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈپ، بىرلىكتە ئۇزاق تارىخ ۋە پارلاق مەدەنىيەت بەرپا قىلدى،

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق قۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئابرويىنى قوغداپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى. ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مۇھىم ئىجتىمائىي مۇھىت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: «دۆلەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشلىرىمىزنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى». ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئاندىن ۋەتەننىڭ روناق تېپىشى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

چېگرا رايونلار چېگرا جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى ئالدىنقى لىنىيە، چېگرا رايونلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چېگرا رايون مۇقىم بولمىسا، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلمىسا، چېگرا رايوننىڭ گۈللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، چېگرا رايونلارنى بىرلىكتە ئېچىش، قۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئاساسلىق ۋەزىپە، دەپ تونۇپ، باشتىن ئاخىر چىڭ تۇتۇش لازىم؛ خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزگە قارىتا تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشىغا، قەتئىي، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ زەربە بېرىش لازىم. چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى چېگرا رايوننى قۇرۇش، چېگرا رايوننى قوغداش ئۇلۇغ ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە پولاتتەك مۇستەھكەم سېپىل قۇرۇپ چىقىپ، ۋەتەننىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش كېرەك.

بۇ يىل — ئېلىمىز تارىخى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر يىل. دۆلىتىمىز شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر قەدىمىنى باسىدۇ، پارتىيىمىز 15 - قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى چوڭ ئىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، تېخىمۇ ئىناق، تېخىمۇ گۈللەنگەن، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى بەرپا قىلىش كېرەك.

چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، چوقۇم پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكىگە پايدىسىز بولغان ئامىللارنى تۈگىتىپ، ھەر مىللەت

خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەمكارلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى بىرلىكتە قىلىش كېرەك.

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەشۋىق - تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشى، ئىتتىپاقلىشىپ ياردەملىشىشى، ئۆزئارا بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك شانلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرىدىغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىدە، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، چوقۇم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەرنى توغرا ئايرىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ، نۆۋەتتە ئېلىمىز مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئىقتىسادىي مەنپەئەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ماجىرا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلماسلىقتىن كېلىپ چىققان خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ خىل زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، قانداق مەسىلە بولسا، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، زىددىيەتنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك، كىشىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت، قىسمەن زىددىيەت ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر زىددىيەتلەرنى مىللىي مەسىلە ياكى دىنىي مەسىلە قىلىپ كېڭەيتىۋەتمەسلىك لازىم، قايىل قىلىپ تەربىيىلەش، زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش، ئارازلىقنى يوقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك. بارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارىتا قانۇن بويىچە جازالاشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەيلى قايسى مىللەت پۇقراسى جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسۇن، چوقۇم قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەر بولۇشى كېرەك. مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، قانۇن ئارقىلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

### 3. تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئورتاق گۈللىنىش

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن

كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئەمما چېگرا رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونى، چەت - چېگرا رايون، تاغلىق رايون، نامرات رايون بىر گەۋدە قىلىنغان رايون بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى مەملىكەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەرەققىيات يەنىلا نىسبەتەن ئاستا. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ پەرق مەسىلىسى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، مەركەز ئېتىبار بېرىدىغان چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. پەرقنى كىچىكلىتىش ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن جىددىي ۋە جاپالىق بىر ۋەزىپە، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ تەلىپى. پەرق كىچىكلىتىلمىسە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىل مۇقىم بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مۇھىم سىياسىي مەسىلە ھېسابلىنىدۇ، بىز چوقۇم بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇشىمىز، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش، ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن باشقىلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىش مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ — ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تۈپ تەجرىبىسىدۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ، بۇ جەھەتتە ئاددىي ھالدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان تەييار ئەندىزە يوق، ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەندىزىنىڭ بارلىققا كېلىشى — ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. يىغىندا تونۇشتۇرۇلغان جايلارنىڭ تەجرىبىسى تەرەققىياتى نىسبەتەن تېز بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ كۆپ خىل ئەۋزەللىكلىرى بار، مەسىلەن: رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكى، ئەمگەك كۈچى باھاسى ئەۋزەللىكى، قۇرۇقلۇق چېگرا ئېغىزىدىن چىقىش قولايلىق بولۇش ئەۋزەللىكى، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قولايلىق بولۇش ئەۋزەللىكى قاتارلىقلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇشۇ ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى، سۈرئەتنى تېزلىتىش بىلەن ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆزىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىراۋاتقان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، قارىغۇلارچە يۇقىرى سۈرئەتنى قوغلىشىش،

ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە سەل قاراش شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىقتىسادىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان پاسسىپ ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. ئۇنۇمگە سەل قارالغان بۇ خىل يۇقىرى سۈرئەت ئەمەلىيەتتە بىر خىل زور ئىسراپچىلىق بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا چوڭ ـ چوڭ قالدۇق مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە، بىز چوڭقۇر ساۋاققا ئىگە. تەرەققىياتنى قانچە تېزلەتكەندە ئۇنۇمگە شۇنچە دىققەت قىلىش كېرەك. مەركەز ئاچقان ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى بۇرۇلۇش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ تەلىپى بويىچە، ئالدىراقسانلىقنى تۈگىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تېز، مۇقىم ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۆز كۈچىگە تايىنىش بىلەن دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردىمى مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك. چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانغا قەدەر دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. دۆلەت چېگرا رايونلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا قاراپ رايون خاراكتېرلىك بەزى ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ سىياسەتلەر چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇڭا بۇ سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز ھەم ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى، كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىشىش جەريانىدا ئورتاق تەرەققىي قىلىش كېرەك. جايلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە قېرىنداش رايونلارنىڭ ياردىمىدىن باشقا، يەنە ئەڭ مۇھىمى چېگرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا تايىنىش كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان نىشانغا قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش بىلەن ئورتاق مەزگىللىك مەنپەئەتكە ئېتىبار بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا، بولۇپمۇ چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا، نامراتلىق يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان بىر قىيىن چوڭ مەسىلە بولۇپ قالدى، چەكلىك مەبلەغ تويۇنۇش — كىيىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلىپ كەتسە، كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك مەبلەغ جۇغلانمىسى شەكىللىنەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن، كۆز ئالدىدىكى پايدا بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك پايدا ئوتتۇرىسىدا دائىم زىددىيەت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. قانداق قىلغاندا ھەم ھازىرقىغا ئېتىبار قىلغىلى ھەم يىراق كەلگۈسىنى ئويلىغىلى بولىدىغانلىقنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا، مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 4. ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئېتىبار بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ساپاسىنى

تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئىشچىلار قوشۇنىنى زورايتىشى كېرەك. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەلىپى.

مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىلىم - پەن ئىشلىتىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەننى قەدىرلەش، ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر مىللەت پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پەن - تېخنىكىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا قانۇن بىلىملىرىگە دائىر تەشۋىق - تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى قانۇننى ئۆگىنىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىق - تەربىيىسى ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ نوپۇس ۋە مۇھىت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەتنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئايرىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرخىل كونا ئادەتلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ھەرخىل ئىلغار مەدەنىيەتنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، مىللەتلەرنىڭ ۋاقىت كۆزقارىشى، ئۈنۈم كۆزقارىشى ۋە رىقابەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاما نىسبەتەن كۆپ، دىنىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغان رايونلاردا، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، دىنغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىنى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەپ، كەڭ دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش كېرەك.

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساسەن چېگرا رايونلارغا جايلاشقان. چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى مول، ۋەزىپىسى ئېغىر؛ مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن ھەرخىل چىرىك ئىدىيە ۋە ناچار ئەھۋاللارنىڭ چىرىتىشىنى ئۈنۈملۈك توسىغىلى، چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى تازىلاپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بەرگىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا، جايلار نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى، بۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

(ئاخىرى 42 - بەتتە)

# يولداش چېن خوڭنىڭ مەملىكەتلىك چېگرا رايون مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن خۇلاسە سۆزى

1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ نامى - مەملىكەتلىك چېگرا رايونى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى يىغىنى، يىغىندا چېگرا رايون مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ قالماستىن، يەنە 97 - يىللىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى يىغىننى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يىغىنىمىز بۈگۈن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنغا يۈننەن ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى زور ياردەم بەردى، يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شىشۇاڭبەننا ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، يىغىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

يىغىندا، يولداش ئىسمائىل ئەھمەد «مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، گۈللەنگەن، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدا سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئېلىمىز چېگرا رايونلىرى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتتى؛ چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى يىغىنچاقلىدى، ئېلىمىز چېگرا رايونلىرىدىكى مىللەتلەر خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى؛ ئېلىمىز چېگرا رايونلىرىدىكى بۈگۈندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، خىزمەت تەسەۋۋۇرى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەمدە 1997 - يىللىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقى خې جىچياڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى؛ يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شىشۇاڭبەننا، دېخوڭ، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يەنبيەن ئوبلاستى قاتارلىق 10 ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر، مېڭ) لارنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇردى. ئەتە، ئۈگۈن ئىككى كۈن بىز يەنە يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە، شىشۇاڭبەننا ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىمىز. يىغىن مەزگىلىدە، كۆپچىلىك شىشۇاڭبەننادىن ئىبارەت بۇ گۈزەل دىياردا قېرىنداشلارچە دوستلۇق شاتلىقىغا چۆمدى. چېگرا رايون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت تېپىشى

ئۇچۇن، تېنچ، مۇقىم مۇھىت ۋە بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش جەھەتتە زور تۆھپە قوشقانلىقى يىغىنغا قاتناشقۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

يۇقىرىدا، گوۋۇيۇەننىڭ مۇئاۋىن مىشۇجاڭى يولداش جاڭ زويى ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى. ئۇ ئۆتكۈر، ئەمەلىي، ئىخچام، مەزمۇنى ئېنىق سۆز قىلدى. بۇ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدە يېتەكچىلىك قىلىش رولىغا ئىگە.

تۆۋەندە بىز نەچچە تۈرلۈك پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

1. بۇ قېتىمقى يىغىن توغرىسىدا

گوۋۇيۇەن تەستىقلىغان بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك چېگرا رايون مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ پىكرى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. گەرچە يىغىن ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ ئەمما ناھايىتى ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. مۇھىمى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچى، يىغىننىڭ تېمىسى ياخشى تاللاندى. بۆلتۈر يولداش ئىسمائىل ئەھمەد مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا «مىللەتلەر خىزمىتىدە تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇش لازىم» دەپ تەلەپ قىلغانىدى. تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى قانداق يولغا قويۇش كېرەك؟ مىللەتلەر خىزمىتى ئېلىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارالغان. ھەر قايسى جايلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ۋەزىپىسى بار، مىللەتلەر خىزمىتىدە يەنە نۇرغۇن تۈر بار. ئوخشاش بولمىغان تۈر بويىچە، تۈرلەرگە ئايرىپ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلغاندىلا، ئاندىن خىزمەت قاراتمىلىقىغا ئىگە بولىدۇ، خىزمەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. تۈرلۈك مىللەتلەر خىزمىتىدە، چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتى گەۋدىلىك مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە. باش شۇجى جياڭ زېمىن: مىللەتلەر خىزمىتى دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكى، قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، - دەپ كۆرسەتتى. چېگرا رايونلار دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئالدىنقى سېپى. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداشتىكى ئالدىنقى قاراۋۇل، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى بازا، چېگرا رايونلارنىڭ 80 پىرسەنتىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار، مىللەتلەر خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، پۈتكۈل مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چىڭ تۇتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇنەن ئۆلكىسى قاتارلىق جايلار تونۇشتۇرغان تەجرىبىدىنمۇ مۇشۇ مەسىلىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپچىلىك مۇشۇنداق بىر يىغىننىڭ ئېچىلىشى تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ياخشى باشلىنىشى بولدى، دەپ قارىدى.

ئىككىنچى، ئورۇن ياخشى تاللاندى، بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كۆپچىلىك بىردەك: يۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپتۇ، ئۆلكە، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ بىر يۈرۈش پىششىق تەجرىبىسى، كۈچلۈك چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتى قوشۇنى ۋە خىزمەت ئاپاراتى تورى بار ئىكەن، - دەپ تونۇشتى. ئۇلار چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتىنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يۇكسەكلىككە قويۇپ

ئويلانغان. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىلدىكى ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە فائىجىنىنى بېكىتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. يۇنىڭ ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۆز خىزمىتىدە ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەتچى، ياردەمچى بولۇش رولىنى پائال، ئاكتىپ، كۈچلۈك ۋە ياخشى جارى قىلدۇرغان. كۆپچىلىك: بىزنىڭ كونكىرت تەتقىق قىلىدىغىنىمىز چېگرا رايونلار مىللەتلەر خىزمىتى، ئەمما بۇ خىل خىزمەتنىڭ تەسسەۋۋۇرى ۋە ئۇسۇلى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە، - دەپ قارىدى.

ئۈچىنچى، ياخشى بىر ئاساسىي ھۆججەت بار بولدى. كۆپچىلىك: يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ سۆزى ھەقىقەت ئەمىلىيەتتىن ئىزلەنگەن ماتېرىيالىزم. ئۇ كۈچلۈك غايىۋىلىككە ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە، يولداش ئىسمائىل ئەھمەد يىغىنچاقلىغان سەككىز تۈرلۈك تەجرىبە ۋە سەككىز تۈرلۈك تەلەپ ئېلىمىز چېگرا رايونلىرىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ قارىدى. بۇ سەككىز تۈرلۈك تەلەپ - بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ھېسابلىنىدۇ. يولداش جۇ شېڭتاۋ مۇنداق دېدى: مىللەتلەر خىزمىتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى، تەشكىللىشى، سەپەرۋەر قىلىشى، ھەمدە بىر نىيەت بىر مەقسەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئىستىقبالى بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ بويىچە ئىشلەيدىغانلا بولساق، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى چوقۇم ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ئاددى سۆزلەر ئارقىلىق 1997 - يىللىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئېنىق، مۇھىم نۇقتىلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئىشلىتىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، جايلارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا باب كېلىدۇ.

**2. يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئۈزلەشتۈرۈش توغرىسىدا**

يولداشلار ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ سۆزىگە يۇقىرى باھا بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزىلەر يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى ۋە ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا سۆزلىگەن سۆزىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىۋالدى. يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشىلاشتا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە مۇھىم نۇقتىنى پۇختا ئىگىلەش لازىم. بىرىنچى، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى. بۇنىڭدا، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر نەزەرىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەرگە دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى پۇختا، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد،

مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تۇرلۇك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەستايىدىل ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش كېرەك، ئۇچىنچىدىن، تۇرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى؛ تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى، چېگرا رايون، چارۋىچىلىق رايونى؛ نامرات رايون، چوڭ شەھەر، دېڭىز ياقىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايون قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە ھەم ئورتاقلىــــق ھەم ئالاھىدىلىك بار. پەقەت تۇرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلغاندىلا. ئاندىن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ. قاراتمىلىقى بولغان ھالدا مەسىلىنى ھەل قىلغىنى بولىدۇ؛ تۆتىنچى، ئۈلگىلىك تىپلارنى چىڭ تۇتۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئومۇمىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. بۇلتۇر مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا، خونەندىن ئۆگىنىش، خۇبېيگە يېتىشىۋېلىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ يىل نۇقتىلىق ھالدا يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتى تەجرىبىسى ۋە يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتە پائال تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. بەشىنچى، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە قويۇپ ئويلۇشۇش، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش تەجرىبىسىنى يىغىنچاقلاشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى تۇرلۇك - تۈمەن، ئۇنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاچقۇچ - پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلىشىدە. شۇڭا بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. بۇ قېتىم چاقىرىلغان چېگرا رايونلار مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىغا ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى يولداشلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى، يەنە چېگرا ناھىيىلىرى كۆپ بولغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى رەھبىرى يولداشلارمۇ تەكلىپ قىلىندى، كۆپچىلىك: مۇشۇنداق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر، - دەپ قارىدى. كۆپچىلىكنىڭ يىغىنغا ۋاقتىدا قاتناشقانلىقى، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۇرۇپ بەردى. چېگرا رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر. سىلەر مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، «غەربلەشتۈرۈش» كە، «پارچىلىۋېتىش» كە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردۇڭلار. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز-ئارا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئاز سانلىق مــــــىللەت كادىرلىرىنى ھۆرمەتلەپ، زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ۋە تاللاپ ئىشلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇڭلار. دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنــــى قوشتۇڭلار، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىلەرگە سەمىمىي تەشەككۇر ئېيتىدۇ!

### 3. ئەزالىق تۈزۈمى توغرىسىدا

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزغا ئالتە نەپەر مىنىستىر قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزالار. مىنىستىر ئىۋەتەلمىگەن ئەزا ئورۇنلارمۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ۋەكىل ئىۋەتتى. بۇ مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەممەيلەننىڭ ئىشلەيدىغانلىقىنى ، مىللەتلەر خىزمىتىگە ھەممە تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. بۇنىڭدىن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ناھايىتى خۇشال بولدى. ئەمەلىيەت دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزالىق تۈزۈمىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىكەنلىكىنى، ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، يولداش ئىسمائىل ئەھمەد بېيجىڭدا ئومۇمي ئەزالار يىغىنى ئاچتى. مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا، ئەزالار ناھايىتى مۇھىم ۋە ئىنتايىن ئورۇنلۇق پىكىرلەرنى بەردى. كۆپچىلىكنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بىر نۇقتىغا يىغىشقا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ - مەركىزي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۆز ۋەزىپىسى دەپ تونۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئامالىنىڭ بېرىچە كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ سۆز ۋە قىياسلىرى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. يولداش ئىسمائىل ئەھمەد سۆزىدە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسى چېگرا رايونلارغا ئەمەلىي ياردەم بېرىشنى قارار قىلغانلىقىنى، ھەر قايسى ئەزا ئورۇنلار قانداق قىلغاندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، بولۇپمۇ چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە ياردەم بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقانلىقىنى تىلغا ئالدى. كۆپچىلىك ھەر قايسى مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ خىزمەت ئوبيېكتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىدىغانلىقىنى، مىللەتلەر خىزمىتى ئومۇمىي خىزمەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ھەر دائىم مىللەتلەر خىزمىتىنى ئويلاپ، ئورگاننىڭ ئىچكى قىسمىدا، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىللەتلەر خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەر قايسى تارماقلاردا مەلۇم ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، سىياسەت ۋە تەدبىر جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا مايىل بولدى. ئۇلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى بار، ئۇلارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قانداق ياردەم قىلىشنى تەتقىق قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلدى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكىنى، ياخشى ئىجرا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتىمىز! يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ئالاھىدە ماڭا ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلىدى! بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى ئەزا ۋە ئەزا ئورۇنلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىدا تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

### 4. 1997 - يىللىق مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدا

يولداش ئىسمائىل ئەھمەد سۆزىدە 97 - يىللىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 97 - يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىغا ئىۋەتىلدى. بۇ يەردە مەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتى تەشكىللەش، باھالاش خىزمىتىنى ياخشى

ئىشلەشتىن ئىبارەت بىر نۇقتىلى تەكىتلەپ ئۆتىمەن. ئىقتىساتلىق، تەرەققىيات ـ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش مىللەتلەر ئىقتىساقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرىدىكى مۇھىم تەدبىر ۋە ئۈنۈملۈك شەكىللەرنى ئىلگىرى سۈرۈدۇ. بۇ قېتىمقى تەقدىرلەش پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىر نەچچە تەكلىپ بېرىمەن:

بىرىنچى، تەشكىللەش، باھالاش جەريانىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانى قىلىش، تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى باھالاش پائالىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىش ـ ئىزلىرى راست بولۇشى، ئۈلگىلىك تىپ بولۇشى كېرەك. باھالاپ چىقىلغان نەمۇنىچى شەخس ۋە نەمۇنە ئورۇنلار چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن؛ تۆتىنچى، نەمۇنىچى شەخس ۋە نەمۇنە ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. نەمۇنىچى شەخس ۋەكىللىرى ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بولىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بولۇشى، جۈملىدىن ھەر دەرىجىلىك ئەزا ئورۇنلاردىكى يولداشلار، ئۇزۇن يىل مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن قان ـ تەر ئاققۇزغان، جاپالىق خىزمەت قىلغان مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر بولۇشى لازىم.

## 5. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

مەن باشتىلا بۇ قېتىمقى يىغىن ئەمەلىيەتتە مەملىكەتلىك چېگرا رايونلار، شۇنداقلا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى، دېگەنىدىم. شۇڭا، بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئىككى تۈرلۈك مەزمۇننى ئۇمۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا يەنىلا چېگرا رايونلار مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمىتىدۇر. بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك چېگرا رايونلار مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى ـ مىللەتلەر خىزمىتىدە تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇشتىكى بىر باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىل دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يەنە نامرات رايون ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىدۇ، بىز ھەر قايسى جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، تىپىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، ھەققانىي ھالدا مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەدبىر، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېلەركى قېتىملىق ئىككى يىغىن ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ۋە چوڭ ـ ئوتتۇرا شەھەر، دېڭىز ياقىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى بار. جايلارنىڭ ئۆز جايىنىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي خىزمەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

كۆپچىلىك ئۆز جايلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بىرىنچىدىن، يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە يەتكۈزۈشى كېرەك. ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ سۆزىدىكى چېگرا رايونلارنىڭ خىزمىتىگە قويۇلغان تەلەپ ۋە 1997 - يىللىق مىللەتلەر خىزمىتىگە قويۇلغا ئومۇمىي تەلەپ بويىچە، خىزمەتنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولداش جاڭ زېيىننىڭ سۆزىنىمۇ ئوخشاشلا يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، يۈننەن ئۆلكىسى قاتارلىق جايلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز جايىنىڭ ئىلغار تىپلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەجرىبىلەرنى يىغىنچاقلاپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، رەھبەرلەرگە يىغىن ئەھۋالىنى ۋە ئۆز جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرىنى دوكلات قىلىپ، رەھبەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تارماقلارنىڭ قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن، مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئاخبارات، تەشۋىقات ئورۇنلىرى مىللەتلەر خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى. تەلەپلىرىمىزنى ئورۇنلىدى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلە بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمىزنىڭ پائال تەشەببۇسكار بولىشىدا. مىللەتلەر خىزمىتى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىنغاندىلا، ئاندىن كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ۋە قوللاشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئاخىرىدا، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يۈننەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىغا، يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە، يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىشۇاڭبەننا ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىغا، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىگەن بارلىق يولداشلارغا يەنە بىر قېتىم چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

---

(بېشى 35 - بەتتە)

يولداشلار، ھازىر مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ شارائىتى ناھايىتى ياخشى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. پۈتۈن جەمئىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغان كەيپىيات شەكىللىنىۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، دادىل ئىزدىنىپ، ئۆز رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تەرەققىيات يولىنى تەدرىجى بېسىپ ئۆتتى، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، خىزمەت شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، بىز تونۇشىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلا بولساق، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى چوقۇم داۋاملىق ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

# جايلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىدىن تاللانمىلار

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە خىزمىتىدە غول لىنىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش، تۆتنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئومۇمىي نىشانغا يېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى

غول لىنىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش، يەنى: پۈتۈن رايون ئورتاق تونۇشقا كېلىش، تەڭ كۈچ چىقىرىشنى شەكىللەندۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى بىر غول لىنىيە دەپ بىلىپ، پۈتۈن يىلنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئىزچىللاشتۇرۇش، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، داۋاملىق بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇش لازىم.

مۇھىم بىر نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش، يەنى: بۇ يىل 5 - ئايدىكى 16 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم باسقۇچى، دەپ تونۇپ، «ھەر يىلى 5 - ئاينى چىڭ تۇتۇش، 5 - ئاي ئارقىلىق پۈتۈن يىللىق خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، داغدۇغا پەيدا قىلىپ، ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

تۆتنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، يەنى: بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى ۋە 6 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۈچ چوڭ بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئۇچقۇشلۇق قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ تۈپ نەزەرىيىسى ۋە تۈپ لۇشيەن تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش لازىم؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ تۈپ نەزەرىيىسى ۋە تۈپ لۇشيەن تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش لازىم؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي نىشانغا يېتىش، يەنى ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش؛ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش؛ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادنىڭ داۋاملىق تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت.

# ئىلى ۋىلايىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار تىپ ۋەكىللىرى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى باشقارمىسى ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار تىپ ۋەكىللىرى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئارىپ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زوردۇن خوجا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى ساۋۇتبېك، ۋىلايەتلىك مەمۇري مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى ئەخمەدبېك ۋە ئىلى ۋىلايىتىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار تىپ ۋەكىللىرىدىن 40 تىن ئارتۇق ئادەم بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك مەمۇري مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى يولداش ئەخمەدبېك سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم خىزمەت. مۇھىم خىزمەتلەر ئىچىدىكى مۇھىم خىزمەت، كۆپچىلىك بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك؛ 2. كۆپچىلىك بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەركەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى كېرەك؛ 3. شىنجاڭنىڭ تارىخى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر - دىن سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى تەشۋىق قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ سېلىشتۇرۇپ، قايىل قىلارلىق ھالدا ئۆز يېنىدىكى مىساللار ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى تەربىيەلەش كېرەك؛ 4. كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، «5 - فېۋرال» ۋەقەسىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە كەلتۈرگەن زور تەسىرىنى تولۇق تونۇش، تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەركەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك؛ 5. پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇر خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ 6. ئىلى ۋىلايەتلىك 4 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى كېلەر يىلى ئېچىلىدۇ. يولداشلارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ، يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ئارىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۈگۈنكى يىغىن دەل ۋاقتىدا ئېچىلغان ئەھمىيەتلىك يىغىن بولدى. ھازىرقى ئەڭ نازۇك مەسىلە مىللەت - دىن مەسىلىسىدۇر، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر غەربلەشتۈرۈش ۋە پارچىلىۋېتىشتا مىللەت - دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن «5 - فېۋرال» ۋەقەسىمۇ بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مىللەت - دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدۇر. مۇشۇنداق ۋەزىيەتكە نىسبەتەن بىز چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەندىلا ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ ياخشى

قۇرۇپ چىققىلى، تورلۇك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. بۈگۈن يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك ۋەكىللەردۇر، كۆپچىلىك ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ئالاقە باغلاپ، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز خۇلاسىلاپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە، يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى كېرەك.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش زوردۇن بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ھەمدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تۆت جەھەتتىن تەكىتلەپ ئۆتتى: 1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقى؛ 2. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ئەزەلدىن شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى؛ 3. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەركەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ 4. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش. ئاخىرىدا، زوردۇن شۇجى مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: بۇ يەردە ئولتۇرغان ئىلغار تىپ ۋەكىللىرى ئېلى ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى تاللانغان باتۇرلار، كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يۇكسەك دەرىجىدە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن، تىرىشىپ تورلۇك توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىلغار تىپلارنىڭ نەمۇنىلىك باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياخشى ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېلى ۋىلايىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان 40 تىن ئارتۇق ئىلغار تىپ ۋەكىللىرى ئىچىدە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلىدىن 8 ئورۇن، ئىلغار شەخس ۋەكىلىدىن 5 ئادەم سۆزلىدى.

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى

15 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 4-ئاينىڭ 15 - كۈنى «15 -قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى.

ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئوبلاستلىق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىمۇ بىرلىكتە «پۈتۈن ئوبلاستتىكى مىللەت - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ 15 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى تارقاتتى. 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى يەنە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى سەپەرۋەرلىك يىغىنى» نى ئېچىپ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەرقايسى ئورۇن، ھەرمىللەت ئاممىسىنى ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلدى. ئوبلاست باشلىقى سېرجې مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. 5- ئاينىڭ 4-كۈنى كورلا شەھىرى يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە 5 -ئاينىڭ 4 - كۈنى بىرلىكتە «ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 15 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقىتىپ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر قايسى ئورۇن ۋە ھەرقايسى تارماقلارغا كونكرېت تەلەپلەرنى قويدى، بۇ ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا قارىتا تېخىمۇ ياخشى تونۇشقا ئىگە بولدى، ھەر قايسى ئورۇن رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق - تەربىيىسىنى كۈندىلىك خىزمەتلەر قاتارىدا ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ئارقا - ئارقىدىن سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، تۈرلۈك يىغىن، تام گېزىتى ۋە قارا دوسكا قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتى داغدۇغىلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا داغدۇغىلىق ھالدا ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ئارىپ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ۋىلايەتتىكى بەش بەنزىنىڭ رەھبەرلىرى، شۇنداقلا شۆبە ھەربىي رايون، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى، كان ئىشلىرى ئىدارىسى، تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قۇمدانلىق شتابىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىسى يولداش ئابدىراخمان كېرەم رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش خۇاڭ چاڭيۈەن دوكلات بەردى. يىغىندا قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىدا تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان 40 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 80 نەپەر ئىلغار شەخس

مۇكاپاتلاندى.

1987 - يىلى ئېچىلغان ۋىلايەتلىك 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ تۈپ لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا، «بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ۋىلايەتنىڭ تېنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ قېتىمقى يىغىن 10 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنى بەش جەھەتتىن يىغىنچاقلىدى: 1. ئىتتىپاقلىق ئارقىلىق مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە چۈشۈش نۇقتىسى؛ 2. داۋاملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى؛ 3. بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، «خەلق ئىتتىپاقلىقى» مۇھىتىنى يارىتىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم رولى؛ 4. ئورتاق بېيىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى؛ 5. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى.

## تۇرپان ۋىلايىتىدىكى بىرلىكسەپ، مىللەت - دىن ئىشلىرى سىستېمىسى بىرلىكتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى چاقىردى

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى چاقىردى.

12 نەپەر ھەر مىللەت كادىرى ئىلگىرى - كېيىن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىدا سۆز قىلدى، ئۇلار ئازاتلىقتىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا باراۋەر، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك يېڭى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلدى، دېدى. تۇرپان ۋىلايىتىدە سىياسەت مۇقىم بولدى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تېز بولدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى پەيدىن پەي ياخشىلاندى، بۇ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بەس - بەستە پىكىر بايان قىلىپ، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق

(ئاخىرى 68 - بەتتە)

# چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلايلى

— تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چېگرا خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش

(1997 - يىل 3 - ئاي)

**1. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 105 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 6.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەتكە ئىككى شەھەر، بەش ناھىيە قاراشلىق بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ تۇرۇشلۇق جايى چۆچەك شەھىرىدە. بەش ناھىيە(شەھەر) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىداش، چېگرا لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 486 كىلومېتىر كېلىدۇ. ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسى، 8 - دىۋىزىيىسى، 9 - دىۋىزىيىسى، 10 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق 36 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدان، شۇنداقلا قاراماي نېفىتلىكى، مايتاغ نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتى بار.

تارباغاتاي ۋىلايىتى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، بۇ يەردە قازاق، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، داغۇر، شىبە، تاتار، ئۆزبېك، رۇس قاتارلىق 29 مىللەت ياشايدۇ. 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 804 مىڭ 500. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 366 مىڭ 100 بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 45.5 پىرسەنتىنى؛ شەھەر - بازار نوپۇسى 358 مىڭ 300 بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 44.53 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ بايلىقى مول. سۇ، تۇپراق، كۆن نۇرى، ئىسسىقلىق شارائىت ئەۋزەللىكى ياخشى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 4 مىليون 50 مىڭ مو بولۇپ، يېزا نوپۇسىنىڭ ھەر بىرىگە 8.4 مودىن توغرا كېلىدۇ؛ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يايلاق 89 مىليون 810 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي يايلاق 1 مىليون 30 مىڭ مو، ھەر بىر تۇياق چارۋىغا 27 مو يايلاق توغرا كېلىدۇ؛ ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە 100گە يېقىن چوڭ - كىچىك ئېقىن بار بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 6 مىليارت 600 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ؛ قىروسىز مەزگىلى 180 - 150 كۈن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7℃ - 5 ئەتراپىدا بولىدۇ. كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى مول. ھازىرغىچە بايقالغان كان مەھسۇلاتى 30 نەچچە خىلغا يېتىدۇ، 460 نەچچە ئورۇندا كان ئېچىلدى. كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى: نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆل تۇزى، كۆمۈر، ئالتۇن، خروم، تاشپاختا، ھاك تاش، كۋارتس، گرانىت، تۆمۈر،

كۆمۈش، مىس، چىرىمتال، خىرۇستال، بېتونىت قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن ئىبارەت. ياۋايى هايۋانلار ۋە ئۆسۈملىكلەرنىڭ تۈرى كۆپ. ياۋايى ئۆسۈملىكلەردىن 117 ئائىلە 683 ئورۇقداش 1500 خىلدىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك بار؛ ياۋايى هايۋاناتلاردىن 27 تۈركۈم 69 ئائىلە 286 خىل هايۋان بار. ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە دۆلىتىمىز بويىچە بىردىن بىر ياۋا بادام تەبىئىي قوغداش رايونى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مىڭ مولۇق ئىككىنچى قېتىم هاسىل بولغان بىپايان سۆكسۆك تەبىئىي قوغداش رايونى بار.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن رايون ئەۋزەللىكى ئالاھىدە گەۋدىلىك. تارباغاتاي ۋىلايىتى ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش بىر مىللەت كېلىپ چىقىشى ۋە ئېتنوگرافىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. چۆچەك شەھىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئېچىۋېتىلگەن چېگرا شەھىرى، باقتى ئېغىزى 200 يىلدىن ئارتۇق سودا ئالاقە تارىخىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ چۆچەك شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئاران 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى شەھەرگە ئەڭ يېقىن 1 - دەرىجىلىك قۇرۇقلۇق ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قازاقىستاننىڭ بىر نەچچە ئوبلاستى بىلەن بولغان قاتنىشى قولايلىق. ئېغىر سانائەت ئاساسى ياخشى بولۇپ، ياخشى قاتناش ئالاقە شارائىتىگە ئىگە. باقتى ئېغىزىدىن 56 كىلومېتىر يىراقتا قازاقىستاننىڭ ماقانچى رايونى، 120 كىلومېتىر يىراقتا قازاقىستاننىڭ ئۈرجار رايونى، 264 كىلومېتىر يىراقتا تۇش تۆمۈر يولىنىڭ مەركىزى بېكىتى ئاياكۆز شەھىرى، 600 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا قازاقىستاننىڭ مۇھىم سانائەت شەھىرى سېمىپالاتىنسكى شەھىرى بار. باقتى ئېغىزىغا خېلى يېقىن جايدا يەنە قازاقىستانغا قوشنا بولغان روسىيىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي رايونى - يېڭى سىبىرىيىدىكى ئۈچ ئوبلاست بار. پۈتۈن ۋىلايەت مۇشۇ يەرنىڭ ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، «چېگرا بويى لىنىيىسى» ۋە «تۆمۈر يول بويى لىنىيىسى» دىن ئىبارەت ئىككى لىنىيىنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈردى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە شارائىتى نىسبەتەن ياخشى، قاتنىشى قولايلىق. ئىككىنچى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكى ۋە دۆلەت يولى 312 -، 217 - لىنىيىسى، شۇنداقلا ئۆلكە يولى 2926 - لىنىيىسى ۋىلايەتنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى تاش يوللار بىلەن تۇتىشىپ، تۆمۈريول، تاشيول قاتناش تورىنى شەكىللەندۈردى. تاق لىنىيىلىك تاش يول مۇساپىسى 1558 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ قازاقىستانغا بارىدىغان خەلقئارا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتنىدى؛ چۆچەك ئايدورومى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى؛ ئالاقە تېزلەشتى. پۈتۈن ۋىلايەتتە پروگراممىلىق تېلېفون تورى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەندى، كۆچمە ئالاقە يولغا قويۇلدى، تېلېفون ئالماشتۇرۇش ۋە ئۈتكۈزۈش رەقەملەشتۈرۈلدى. دۆلەت ئىچى ۋە چەتئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە تېزلىتىلدى ۋە قولايلىق بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياستى ۋە مىللىي سىياستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە

تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلاردا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پۈتۈن ۋىلايەتتە سىياسەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، جەمئىيەت تېنچ بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تارىختا تەرەققىيات ئەڭ تېز بولغان ياخشى دەۋرگە كىردى.

## 2. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقىرىش چېگرا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ مەركىزى

تارباغاتاي ۋىلايىتى چېگرا رايون لىنىيىسىدە بولۇپ، ئازاتلىقتىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئۇرۇش تەييارلىقى ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ناھايىتى ئاز مەبلەغ سېلىنغان، بولۇپمۇ ۋىلايەتنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قالغان. خەلق ئىگىلىكى ۋە تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىچكىرىدىكى رايونلارغا قارىغاندا خېلىلا ئارقىدا قالغان. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تىزلىتىش، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۇنىۋېرسال كۈچىنى كۈچەيتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە كەڭ كادىر ـ ئاممىنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بارغاندا، نامرات، قالاق ھالەتنى تىزدىن ئۆزگەرتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى باي، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتۇق. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق. بولۇپمۇ 1992 ـ يىل 6 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن چۆچەك شەھىرىنى چېگرا بويىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ۋە 1993 ـ يىلى يىل ئاخىرى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ۋىلايىتىمىزنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش سىناق رايونىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى تېخىمۇ تېز تەرەققىيات يېڭى باسقۇچىغا كىردى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن ئىلگىرىكى 1978 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 2.2 ھەسسە ئاشتى؛ مالىيە كىرىمى 174 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.5 ھەسسە ئاشتى؛ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 2006 يۈەنگە يېتىپ، 15 ھەسسە ئاشتى، يېزا ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مۇئاشى 4000 يۈەنگە يېتىپ، 2.5 ھەسسە ئاشتى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۇنىۋېرسال كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئورنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. يېزا ئىقتىسادى ئىزچىل تەرەققىي قىلدى. تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭدىكى مۇھىم دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق

ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، «ئاشلىق ئامبىرى» ، «گۆش ئىسكىلاتى» دېگەن نامى بار. نەچچە ئون يىللىق تەرەققىيات، قۇرۇلۇش ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، سۇ ئىشلىرىنى مەركەز قىلغان دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتىرىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھەر يىلى مول ھوسۇل ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. 1996 - يىلى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 374 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 8 .2 ھەسسە ئاشتى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 596 مىڭ توننىغا، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 48 مىڭ توننىغا، مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 56 مىڭ توننىغا، قىزىلچا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 233 مىڭ توننىغا، قوتاندىكى چارۋا 3 مىليون 400 مىڭ تۇياققا، گۆش يىمەكلىكلىرى ئومۇمىي مەھسۇلاتى 50 مىڭ توننىغا يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق، پاختا، ماي، گۆش ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. چۆچەك شەھىرى، شىخۇ شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، دۆربىلجىن ناھىيىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ ناھىيىسى بولۇپ قالدى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سانائەت قۇرۇلۇش قەدىمى ئارقىدا قالغان. لېكىن بىز مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشنى بىر گەۋدە قىلىپ، يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنى بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ياردەم قىلىشى ئاستىدا، بىر تۈركۈم تايانچ سانائەت تۈرلىرىنى تەدرىجىي قۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتىرىپ، ئېنېرگىيە، يىمەكلىك، توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، ماشىناسازلىقنى تايانچ قىلغان سانائەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردۇق. ھازىر 3000 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك كارخانا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېرىدىن يۇقىرى بولغان مۇستەقىل ھېساۋات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىدىن 150 ى بار. 1996 - يىلى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 295 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 4 .9 ھەسسە ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقتارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، كۆمۈر 2 مىليون 900 مىڭ توننىغا، توك تارقىتىش مىقتارى 260 مىليون كىلوۋات سائەتكە، سېمونت 230 مىڭ توننىغا، پىۋا 43 مىڭ توننىغا، تۇز 54 مىڭ توننىغا، شېكەر 20 مىڭ توننىغا، پاختا يىپ 5240 توننىغا، پاختا رەخت 8 مىليون 630 مىڭ مېترغا يەتتى. يىلىغا 4000 توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان شىخۇ پىۋا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان بىر قاتار مەھسۇلاتلار كۆپ قېتىم خەلقئارا، دۆلەت ۋە مىنىستىر دەرىجىلىك ئالتۇن مېدال، كۈمۈش مېداللارغا ئېرىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە سېتىلىدۇ، ھەمدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدى. جۇڭگو - چەتئەل بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان جىنتا يوڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى يەرلىك يۇڭ ۋە تىۋىتتىن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ 25 پىرسەنتىنى چەتئەللەردە سېتىلدى. دۆربىلجىن شېكەر زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان شېكەر مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە سېتىلدى. قوبۇقسار ناھىيىلىك تۇز - خىمىيە

سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئاش تۇزى ۋە تۇز - خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى - سىرتىدا سېتىلدى.

باقتى ئېغىزى شەرقتىن كىرگۈزۈپ غەربكە چىقىرىشتىكى كۆۋرۈككە ئايلاندى. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى يەنىمۇ چوڭ ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت، شەھەر زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئېغىز ۋە شەھەرنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. كونا شەھەرگە تايىنىش، يېڭى رايون قۇرۇش، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش فاڭجېنى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلىدى، قۇرۇلۇش پىلانى ئاساسەن چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، باقتى ئېغىزى رايونى، سودا مۇلازىمەت ۋە مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىدىن تەركىب تاپتى، ئۇنىڭ ئومۇمىي مەيدانى 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نىشان - دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەرگەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا سودىسىنى ئاۋال يولغا قويۇپ، كەسپلەرنى بىرلىكتە قوزغاپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈپ، ئېغىزغا تايىنىپ، چۆچەك شەھىرىنى خەلقئارادىكى مۇھىم سودا شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش. ئېغىز قۇرۇلۇشى 1992 - يىلى باشلانغان، ئۇنىڭ پىلاندىكى ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9. 13 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نۆۋەتتە، ئېغىزنىڭ «بىر تاموژنا، تۆت كارانتىن» ، توك بىلەن تەمىنلەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇنى بىر تەرەپ قىلىش، يول، ئامبار قاتارلىق ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئېغىز قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ھەمدە 1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى. ئېغىزنىڭ ئېچىۋېتىلىشى، ئاساسىي ئەسلىھە شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. 1996 - يىلى ۋىلايەتنىڭ چېگرا سودا ئېكسپورت - ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 70 مىليون دوللارغا، باقتى ئېغىزى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلغان ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن بۇيۇملار 150 مىڭ تونناغا يەتتى. چېگرا سودىسىنىڭ دائىرىسى قازاقىستاندىن روسىيە، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، موڭغۇلىيە قاتارلىق ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە تەرەققىي قىلدى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ چېگرا سودا شىركەتلىرى ۋە 7 كارخانىنىڭ چېگرا سودىسى ئېكسپورت - ئىمپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى بار، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى 88 شىركەتنىڭ ۋىلايىتىمىزدە تەسىس قىلغان ئىش بېجىرىش ئورگىنى بار. 300 دىن ئارتۇق شىركەت ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردىكى چېگرا سودا شىركەتلىرىگە تايىنىپ شىركەت ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. چېگرا سودىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

گەرچە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلغان، خەلقنىڭ ماددى مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي، جۇغراپىيىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىچكىرىدىكى ياقىسىدىكى ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا پەرق بار. بولۇپمۇ ئىقتىساس ئىگىلىرى، مەبلەغ، تېخنىكا كەمچىل، بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىۋاتىدۇ. بىز بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نۆۋەتتىكى تەستە قولغا كەلگەن تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ،

چېگرىدىكى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش يېڭى يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك.

## 3. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش - چېگرا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ گەۋدىلىك مۇھىم نۇقتىسى

چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىزمىتى تۈرلۈك تۈمەن، ئۇنىڭ گەۋدىلىك مۇھىم نۇقتىسى - قەتئىي تەۋرەنمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك يېڭى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىز ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى چىڭ تۇتتۇق.

بىرىنچى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇردۇق. مۇھىمى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلارغا قارىتا سىستېمىلىق ئۆگىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى پۇختا تىكلەپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلدۇق. بىز مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتنى ۋىلايەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەشتىكى زۆرۈر دەرسلىكى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ كادىرلارغا ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تۈپ پرىنسىپى ۋە پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلەش تەربىيىسى بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كونكرېت خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇھاكىمە قىلىش سىنىپى، كىتاب ئوقۇش سىنىپى، دوكلات يىغىنى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت تەشۋىقات - تەربىيىسىنى دائىم ئېلىپ باردۇق. بىز يەنە گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق، مەخسۇس تېما ۋە مەخسۇس سەرلەۋھە ئېچىپ، پۈتۈن جەمئىيەتكە بولغان تەشۋىقات - تەربىيىنى پائال قانات يايدۇردۇق. مۇھىم نۇقتىسى بولغان، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات - تەربىيە ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ ياخشى ئىدىيىۋى ئاساسىنى قۇردۇق.

ئىككىنچى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردۇق. ھەر يىلى 5 - ئايدا پۈتۈن جەمئىيەت دائىرىسىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى» پائالىيىتىنى تەشكىللىدۇق. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى ساھەلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش، نەمۇنىچى بولۇشنى تالىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكاپاتلىدۇق. 1982 - يىلىدىن بۇيان، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىن 30 نەچچە قېتىم ئېچىپ 1 مىڭ 264 ئىلغار كوللېكتىپ، 3 مىڭ 616 ئىلغار شەخسنى مۇكاپاتلىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە 17 ئىلغار

كوللېكتىپ، 30 ئىلغار شەخس ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 7 ئىلغار كوللېكتىپ، 9 ئىلغار شەخس دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1995 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى قازاق ياش گېمىگۇقان مۇراتجان بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە خەنزۇ ئاممىنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداپ قېلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بىز دەل ۋاقتىدا مۇشۇ تىپىك ئىشنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ قەھرىماننىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئېچىپ، زور ئىنكاس قوزغىدۇق. گېمىگۇقان مۇراتجان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ تىكلەندى. ھەممە ئىنقىلاۋى قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

ئۈچىنچى، مىللەت - دىنغا دائىر قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە خىزمىتىنى چىڭ تۇتتۇق. ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەت - دىنغا دائىر بىر قاتار قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتلىرىغا مىللەت - دىنغا دائىر قانۇن، قائىدە - نىزام تەربىيىسى بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەرەللىك ھالدا دىنىي زاتلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئىلگىرى - كېيىن جەمئىي 800 دىن ئارتۇق دىنىي زاتنى تەربىيىلىدۇق. ھەممە پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ مىللەت - دىنغا دائىر قانۇن ئېڭى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى.

تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈردۇق ۋە تاللاپ ئۆستۈردۇق. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشنى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى بىر تۇرلۇق ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە دەپ تونۇپ، داۋاملىق بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. 1995 - يىلىغا قەدەر، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرى كادىرلار ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 38.7 پىرسەنتنى ئىگىلەپ، 1978 - يىلدىكىدىن 9.4 پوئىنت يۇقىرى كۆتىرىلدى؛ ئىككى شەھەر، بەش ناھىيىدىكى 207 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرى كادىر ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 51.3 پىرسەنتنى ئىگىلىدى، 7 نەپەر ناھىيە (شەھەر) باشلىقىنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتتۇر. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 48.3 پىرسەنتكە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 21.7 پوئىنت يۇقىرى كۆتىرىلدى. زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

## 4. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش - چېگرا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى

چېگرا رايون خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق. جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان ئامىللار تېخىمۇ مۇرەككەپ، مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى

تېخىمۇ جىددى. شۇڭا، بىز باشتىن ئاخىر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئېھتىياتچانلىقنى كۈچەيتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئىزچىل مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىزگە قارىتا تەشۋىق قىلىش، سىڭىپ كىرىشنى تىزلەتتى. ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىمۇ تارىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەكسىيەتچىل تايانچ كۈچلەرنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، جان جەھلى بىلەن ماجىرا تۇغدۇرۇپ، مىللىي قارشىلىشىش ۋە مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىپ، ۋەقە پەيدا قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ۋەتەننى پارچىلاش، ئاتالمىش مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش رەزىل مەقسىدىگە يەتمەكچى بولدى. ئايرىم جايلاردا قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر كۆرىلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئىدىيە جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. دىن مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان مەسىلىلەر بەزىدە يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، بىز باشتىن ئاخىر يۇكسەك دەرىجىدە ھۇشيارلىقنى ساقلاپ كەلدۇق. بولۇپمۇ مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى چۈشكەندىن كېيىن، بىز شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ - مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى كۈچلۈك داغدۇغىنى شەكىللەندۈردۇق. بىز ئىشلىگەن ئاساسلىق خىزمەتلەر: بىرىنچى، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىنى 7 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈردۇق. ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەيدانى مۇستەھكەم، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك بولغان كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتۇق. ئۈچىنچى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەيتتۇق. تۆتىنچى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىدۇق. بەشىنچى، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرۇپ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالدىن ساقلىنىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىدۇق. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، بىز مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىدىغانلا بولساق، شىنجاڭنىڭ ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

## ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەت - دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، نۆۋەتتىكى مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى

ۋىلايەتلىك پارتكوم مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇش، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش، ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى مىللەت - دىن ئىشلىرى سىستېمىسىنىڭ خىزمىتىنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇردۇق: 1. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى كادىرلارنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بۇ قېتىمقى مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا تەشكىللىدۇق، كادىرلارنىڭ نۆۋەتتە دىن خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان ۋە مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئورنى ۋە رولىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتەردۇق، ۋىلايەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇختا خىزمەت ئىشلەپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئۆز ناھىيىسى (شەھىرى) نىڭ دىن ئىشلىرىدا چوڭ مەسىلە چىقماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق.

2. دەرھال ھەر قايسى يېزىلىق بىرلىكسەپ كادىرلىرى ۋە ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان يىغىن ئېچىپ، بۇ قېتىمقى ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، تۈرلەرگە ئايرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئۆز ناھىيىسىدىكى ئوقۇتۇلۇق يېزا، كەنتلەردىكى ئوقۇتۇلۇق مەسچىت، ئوقۇتۇلۇق دىنىي زات ۋە ئوقۇتۇلۇق تالىپلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بەلگىلەشنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى ئوقۇتۇلۇق يېزىلاردىكى ئوقۇتۇلۇق تالىپلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەھۋال ئېنىق، كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردۇق. 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئىلگىرى، ئوقۇتۇلۇق مەسچىت ۋە دىنىي زاتلارنىڭ، شۇنداقلا ئوقۇتۇلۇق

---

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك چېگرا رايون مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىش - چېگرا رايونلار مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى بىر قېتىملىق ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بولدى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، گوۋۇيۈەن ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىنى، ئىلغار رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆز جايلىرىمىزغا ئېلىپ كېتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ چېگرىدىكى بىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىنى قايتۇرىمىز.

تالىپلارنىڭ ئەھۋالىنى مىللەت - دىن ئىشلىرى باشقارمىسىغا يوللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق.

3. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى بىرلىكسەپ بۆلۈملىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۆز ناھىيە (شەھەر) سىنىڭ دىنغا دائىر مۇقىملىق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دائىرىگە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش، مەسئۇلىيەتنى ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەر قايسى ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئاساسىي قاتلاملاردىكى يېزا، كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇقتىلىق يېزا، كەنتلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ تۇرۇشى لازىم. نۇقتىلىق مەسچىت ۋە نۇقتىلىق تالىپلارنى نازارەت قىلىش، كونتىرول قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ھەر ۋاقىت جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ماسلىشىپ خىزمەت ئىشلەشنى قولغا كەلتۈردۇق.

4. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆز ئالدىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىللە نۇقتىدا تۇرۇپ يۈز تۆكمىدىغان، ئۇنى دەپ بۇنىڭدىن قورۇق قالمىدىغان ئەھۋالنى يېڭىشنى تەلەپ قىلدۇق.

5. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرقايسى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش خىزمەت ئەترىتى بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ، ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ تۇرۇشى، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىپ تۇرۇشى ۋە ئىگىلەپ تۇرۇشى، قانۇنسىز دىنىي ھەركەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە قارىتا، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ قاتتىق زەربە بېرىشى كېرەكلىكىنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

6. ئۇچۇر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى ھازىردىن باشلاپ، ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال يەتكۈزۈپ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، چوڭ مەسىلىلەرنى كېچە - كۈندۈز دېمەي ھەر ۋاقىت يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىشى، جىددىي ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە بىۋاستە رەھبەرلەرنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئالاقىلىشىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازما ماتېرىيالنى ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىشى فوتوتېلېگراف ئارقىلىق ھەر ۋاقىت باشقارمىمىزغا يوللاپ بېرىشنى بېكىتتۇق.

7. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ۋە چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا مەسچىتلەرنى ئېچىپ ۋە تاقاپ، گۇمانلىق ئادەملەرنىڭ مەسچىتلەرگە كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بېكىتتۇق.

8. باشقارمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بىز ئادەم تەشكىللەپ، نۇقتىلىق ناھىيە، نۇقتىلىق يېزىلارغا بېرىپ، يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇردۇق، خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئاجىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتمىغان ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇردۇق.

# گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

گۇچۇڭ ناھىيىسىدە 23 مىللەت، 216 مىڭ 303 نوپۇس بار، خەنزۇلاردىن باشقا 22 ئازسانلىق مىللەتنىڭ نوپۇسى 50 مىڭ بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 22.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر پۈتۈن ناھىيىدە 59 مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋ بار. بۇنىڭ سەككىزى ناھىيە بازىرىدا، 51 سى يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 45 مىڭ 581 بولۇپ. پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، «ئۈچ خىل دىن» نىڭ بۇتخانا، چىركاۋسىدىن تۆتى بار (خىرىستىئان دىنىنىڭ بىر، كاتولىك دىنىنىڭ ئىككى، بۇددا دىنىنىڭ بىر)؛ ئىسلام دىنىنىڭ 55 مەسچىتى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىتى 22، خۇيزۇلارنىڭ مەسچىتى 18، قازاقلارنىڭ مەسچىتى 13، تاتارلارنىڭ مەسچىتى1، ئۆزبېكلەرنىڭ مەسچىتى 1. ئىسلام دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا 52 نەپەر خاتىپ ۋە ئىمام بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەربىيىلەش كۇرسىنى پۈتتۈرگەن، لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئالغان 41 ئادەم بولۇپ، ئۇلار دىنىي زاتلار ئومۇمىي سانىنىڭ 78.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سانجى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايونلارنىڭ بىرى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە دىن خىزمىتى تارماقلىرى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى، مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەر قايسى تەرەپلەردىن تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى ھالقىلىق نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردى:

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە دىن ئىشلىرى خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىجرا قىلىشتىكى قەتئىيلىكى ۋە ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتىرىشكە ئەھمىيەت بەردى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا قارىتا، سىياسىي جەھەتتىن بىردەك مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلەپ، ئاممىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ، باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە ھەرقايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما باشتىن ئاخىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدىغان، قانۇن بويىچە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى، دىن مەمۇرىي، مائارىپ، ئەدلىيە، پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتلىرىگە ئارىلىشىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى.

ئىككىنچى، ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلىرىنى جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا

قاتناشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سىياسىي قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. ئاما ئارىسىدا مەلۇم تەسىرى بار، بىر قەدەر يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا قارىتا، بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەت دىنىي زاتلىرىغا قارىتا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى مەلۇم مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتەشكە كۆرسەتتى. ھازىر ناھىيىدىكى دىنىي زاتلار ئىچىدىن بىرەيلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىرەيلەن ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئۈچ كىشى ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تۆت كىشى ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بىر كىشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تۆت كىشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 13 كىشى ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى، بەش كىشى ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى، 11 كىشى ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، 27 كىشى ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولدى. بۇ دىنىي زاتلار تۈرلۈك يىغىنلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئىدىيىۋى تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئۇلار پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلالايدىغان، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى قانۇن بويىچە دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا پائال يېتەكلىيەلەيدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىيالايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمر - پەرمانلىرىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىدىغان، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيۈش كۆز قارىشىنى كۈچەيتىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى كىشىلەر قەلبىگە كۈنسېرى چوڭقۇر سىڭدى، ھەر مىللەت ئاممىسى، ھەر قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق تېنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ئاڭلىق قوغدايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە بولۇشنى تالىشىدىغان بولدى.

ئۈچىنچى، ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ ۋە ئېتىبار بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ئىنچىكە، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئېتىراپ قىلدى، ھەمدە ئۇلارغا مەلۇم تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى. ھازىر پۈتۈن ناھىيىدىكى 51 نەپەر دىنىي زات ھۆكۈمەت بېرىدىغان تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. 1994 - يىلىدىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ ئۆلچىمى مۇۋاپىق تەڭشەلدى. مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ھەر قېتىملىق ئەنئەنىۋىي بايرىمى «روزى ھېيت» ، «قۇربان ھېيت» لىرىدا ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارنىڭ باشلىقلىرى مەسچىتلەرگە، يۇقىرى قاتلام زاتلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھېيتلاپ، ئۇلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە قوشقان تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچىنىڭ بېرىچە قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشى ئۈچۈن نۇرغۇن

ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى.

تۆتىنچى، دىنىي زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، «مەسچىتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قامداش» پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللەتتى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرى ۋە كەڭ دىنغا ئىتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىردەك «مەسچىتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قامداش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى ياخشى ئۇسۇل، دەپ قارىدى، مەسچىتلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى كۆتىرىلدى، پۈتۈن ناھىيىدە «مەسچىتلەرنىڭ ئۆز ئۆزىنى قامداش» پائالىيىتى تىزلىكتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. مەسىلەن: بازار ئىچىدىكى خۇيزۇلارنىڭ شىدا مەسچىتى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى مەبلەغ توپلاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆز ئالدىغا كارخانا قۇردى، ئۇلار پەقەت ئىككى يىل ئىچىدىلا 80 تۇياقتىن كۆپرەك كالا بورداپ، 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى. ناھىيە بازىرىدىكى ئۇيغۇر مەسچىتى ۋە دوڭمىن ئۇيغۇر مەسچىتى بىكار ئۆيلەرنى جەمئىيەتكە ئىجارىگە بېرىپ، مېھمانخانا قۇرۇپ، ھەر يىلى ھەر بىرى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى. ناھىيە بازىرىدىكى خۇيزۇلارنىڭ دوڭدا مەھچىتى يەنە مۇنچا، ئاممۋى ھاجاتخانا سېلىپ، جامائەت پاراۋانلىقى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، ھەم ئائىلىلىكلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى ھەم مەسچىتنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى. يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەسچىتلەرمۇ ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تېرىقچىلىق قىلىش ۋە ئورمانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كىرىم قىلىشنى يولغا قويدى. مەسىلەن: كارىز يېزىسى شەرقىي كارىز 1 - كەنتىدىكى ئۇيغۇرلار مەسچىتى 10 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك دەل - دەرەخ تىكىپ، 15 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

بەشىنچى، دىنىي زاتلارنى ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا پائال ياردەم بېرىشكە پائال يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرىنى ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ بېيىغاندا دۆلەتنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى، يۇرتداشلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى، دۆلەتكە ھەمدەمدە بولۇپ، يۇرتداشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشتە نەمۇنىلىك بىلەن ئىشلىشىنى تەشۋىبۇس قىلدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر قايسى مەسچىت، بۇتخانا ۋە چىركاۋلار بەس - بەستە ئىئانە توپلاپ دىنىي ئىشلارغا ياردەم بېرىش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ئىتىبار بېرىش قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ناھىيە بازىرىدىكى ئۇيغۇر مەسچىتى، دۈڭمىن ئۇيغۇر مەسچىتى ۋە شىدا خۇيزۇ مەسچىتى ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا مەبلەغ چىقىرىپ، يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ناھىيە بازىرىدىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى، خىرىستىئان دىنى چېركاۋسى ۋە شىبېيۈەن يېزىسى ئېردۇن كەنتىدىكى كاتولىك دىنى چىركاۋسى ئوقۇشسىز قالغان بالىلار ئۈچۈن ئىئانە توپلىدى، ناھىيە بازىرىدىكى خىرىستىئان دىنى چىركاۋسى يېڭى يىل بايرىمى مەزگىلىدە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى پىتەك، سوپۇن، لۆڭگە، چىش پاستىسى قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىشقا تەشكىللەپ، يەرلىكتە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم كوماندىر جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بەزى قازاق، تاتار مەسچىتلىرىدىكى دىنىي زاتلار ئىئانە توپلاپ نامرات چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشىغا بەردى. كەڭ دىنىي زاتلار ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز

قوشۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشايدىغان ئەمگەكچى بولۇپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئالتىنچى، ھەج قىلىش ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىدىغان خادىملارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، چەتئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋە چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەج قىلغۇچى خادىملارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتەردى. 1984 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، چەتئەلگە چىقىپ ھەج تاۋاپ قىلغان 45 نەپەر ئادەمنى (يۇقىرىدىن تەخسىم قىلىنغان سان 35 نەپەر، ئۆزلىرى توققان يوقلاشقا چىقىپ ھەج قىلىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلار 10 نەپەر) بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇلار چەتئەلگە چىقىپ ھەج قىلغان مەزگىلدە ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىنسانى خىسلىتىنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئابرويى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى قوغدىدى.

يەتتىنچى، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي بىلىمى ۋە سىياسىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىدىكى دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بەش ئادەمنى تاللاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. يەنە باسقۇچ ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ، 50 تىن كۆپرەك ئادەمنى سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي مەكتەپكە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئادەتتە، ناھىيىدە يەنە دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە دىن سىياستىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. كەڭ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارمۇ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىدىيە ساپاسى ۋە سىياسىي نەزەرىيە، دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتەردى.

گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان ئىككى دىنىي مەمۇرىي قائىدە ـ نىزام ۋە ئاپتونوم رايون ئېلان قىلغان ئۈچ ۋاقىتلىق بەلگىلىمە، بىر نىزام ـ دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يېتەكچى فاكچېنى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بىردەك ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تورى قۇرۇلدى: ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاربىردىن رەھبەرنى مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر نەپەر قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بىرلىكسەپ كادىرى سەپلەپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پائال ئۆزىنى بېغىشلايدىغان قىلىپ تەربىيىلىدى.

ـ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. رېمونت قىلىش، يېڭىلاش، كېڭەيتىپ قۇرۇش پىلانلانغان مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلارنى ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجە باشقۇرۇش، دەرىجىمۇ ـ دەرىجە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى بويىچە، ئىلتىماس قىلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قاتتىق ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، رېمونت قىلىسمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغانلارنى قەتئىي رېمونت

قىلماسلىق، يېڭىلىمىسىمۇ، يېڭىلىمىسىمۇ بولىدىغانلارنى قەتئىي يېڭىلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. چوقۇم قۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇشقا تىگىشلىكلىرىگە قارىتا، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش قىممىتى، خام چوت، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەئىينى تەپسىلىي تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇردى. مەبلىغى تولۇق بولمىغانلارنى تەستىقلىمىدى، مالىيە كۈچى يېتەرسىزلىرىنىمۇ تەستىقلىمىدى. مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىغا ئالۋان - ياساق چېچىشنى قەتئىي توسىدى، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشنى قەتئىي چەكلىدى. ھەر قايسى مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلار دىنىي دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، تۇرلۇك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنى ياخشىلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن ناھىيىدىكى مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يەتتى.

- دىنىي زاتلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. دىنىي زاتلارنى ئالماشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش ۋە دىنىي ئىشلارنى بېجىرىدىغان، مەسچىتلەرنى باشقۇرىدىغان يېڭى دىنىي زاتلارنى يۆتكەپ كېلىش مەسىلىسىدە، پۇختا، ئېھتىياتچان بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، جىددىي مۇئامىلە قىلدى. بولۇپمۇ ئۆز جايىدا مۇۋاپىق ئادەم يوق بولۇپ، رايون ئاتلاپ ئىمام تەكلىپ قىلىش مەسىلىسىدە تېخىمۇ ئەستايىدىل بولدى، ئاۋال تەكشۈرۈش، كېيىن تەڭشەش ئاندىن تەستىقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى، يېڭىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن خادىملارنىڭ سىياسىي ساپاسى دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ھەممە تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۆتكەپ كېلىنگۈچىنىڭ ئەسلى يۇرتىدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ئاندىن كېيىن مۇزاكىرە قىلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق شەرتى ھازىرلانغانلارنى تەستىقلاپ يۆتكىدى.

- دىنغا دائىر كىتاب - ژۇرنال بازارلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. تەيۋەن غەيرى دىن تەشكىلاتى «گۇەنيىن فامىن» قانۇنسىز ھالدا ئۇرۇمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردا تارقىلىپ، ئۇنىڭ تەسىرى گۈچۈڭ ناھىيىسىگىمۇ يېتىپ كېلىپ، ئايرىم بۇددا دىنى مۇرتلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭغا قارىتا ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى تارماقلىرى دەرھال بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنىڭ يامان تەسىرىنى تۈگەتتى. قانۇنسىز چىقىرىلغان دىنغا دائىر كىتاب - ژۇرنال، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئۇقۇشلۇق، چەتئەلدىن كىرگەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما كۆچۈرمىلىرى، قانۇنسىز دىنغا دائىر كىتاب، قانۇنسىز تەشۋىق ۋاراقلىرىغا قارىتا، ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى تارماقلىرى شۇ ھامان مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش ئېلىپ باردى. ھەمدە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئۇنى توسىدى ۋە يىغىۋالدى.

- بۇددا دىنى، خىرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى، يەنى «ئۈچ خىل دىن»نى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى تارماقلىرى «ئۈچ خىل دىن» نى باشقۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، ئىككىنچىدىن، تەرتىپكە سېلىشنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن قول تىقىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيە بويىچە بۇددا دىنىنىڭ ئۆيدە ئىستىقامەت قىلىدىغان ئۆلىما ۋە بۇددىستتىن 170 ئادەم (ئەرلەر 42 نەپەر، ئاياللار 128 نەپەر) بارلىقى، خىرىستىئان

دىنىنىڭ 289 مۇخلىسى (ئەرلەر68 نەپەر، ئاياللار 220 نەپەر) بارلىقى، كاتولىك دىنىنىڭ 136 مۇخلىسى (ئەرلەر 70 نەپەر، ئاياللار 66 نەپەر) بارلىقى ئېنىقلاندى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش ۋە تەپسىلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا بەزى ساقلانغان مەسىلىلەرنى بايقاپ، ئۇلارنى دەل ۋاقتىدا مەخسۇس تۈزىدى ۋە تەرتىپكە سالدى. بولۇپمۇ بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىدىكى ساقلانغان مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا، مەخسۇس تۈزەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باردى، دىنى سورۇنلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنى تەڭشەپ ۋە قۇرۇپ چىقىپ، تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىكى مەسىلىلەرنى ئايرىم - ئايرىم ھەل قىلدى، تەشكىلاتلارغا ھەمكارلىشىپ رېمونت قىلىش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئارقىلىق، «ئىككى دىن»غا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ تەلىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلگىرى بۇ «ئىككى دىن»دا ساقلانغان ئىچكى ئىختىلاپ ۋە قارشىلىشىش كەيپىياتىنى قانۇنىي تەشۋىق قىلىش، ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش ۋە راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، «ئىككى دىن»نىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، نورماللاشتۇرۇپ باشقۇرۇش يولىغا سالدى.

گۇچۇڭ ناھىيىسى مەركەزنىڭ ئالاقىدار يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش، كىنىشكە تارقىتىپ بېرىش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇردى. گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئېلان قىلغان «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش چارىسى» بويىچە، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ تىزىملاش، كىنىشكە تارقىتىپ بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

بىرىنچى باسقۇچتا، ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرلىرى ۋە بىرلىكسەپ بۆلۈمى كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيلەش كۇرسى ئېچىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشقا ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىنى بىرمۇ بىر يەتكۈزدى. ئۆگەندى ۋە ئۆزلەشتۈردى. خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى، كونكرېت تەلەپ ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى. ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ھەر قايسى يېزا - بازارلار بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى.

ئىككىنچى باسقۇچتا، ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، ناھىيىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى يىغىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يولىيورۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى. ھەمدە سۆھبەت، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىغا «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتتىن كېلىدۇ» دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، ئىدىيىۋى تونۇشى ۋە سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتتى.

ئۈچىنچى باسقۇچتا، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق

پارتكوم، ئوبلاستلىق پارتكوم خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېزا، كەنت، گۇرۇپپىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تور قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. ھەمدە ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە تىزىملاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى كونكرېت مەسىلىلەرگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. مەركەزنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى سىياسىي — قانۇن، بىرلىكسەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى تەرتىپكە سېلىشتىكى بىر تۇتاش ھەرىكەت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، بەش جەھەتتىن نۇقتىلىق تەرتىپكە سالدى. ① تەستىقسىز قۇرۇلغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى؛ ② ئۆز ئالدىغا موللا تەربىيىلەش ياكى تەستىقتىن ئارتۇق «موللا» تەربىيىلەشنى تەرتىپكە سالدى، ③ رايون ئاتلاپ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشنى تەرتىپكە سالدى، ④ خىرىستىئان دىنىدىكى ئائىلە يىغىلىشىنى تەرتىپكە سالدى، ⑤ دىنىنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، نىكاھ، مائارىپ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىش ئەھۋالىنى تەرتىپكە سالدى. ئۇلار سىياسەت چەك - چېگرىسىنى قاتتىق ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ ھەم قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇردى. رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، بەزى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت نۇقتىلىرىنى تاقاپ، تەلەپكە لايىق بولمىغان خىرىستىئان دىنى ئائىلە يىغىلىشى نۇقتىلىرىنى بىكار قىلدى؛ شىبەيۇەن يېزىسى سەيىيۇەنزى كەنتى تۆتىنچى ئەترەتتىكى خىرىستىئان دىنى ئائىلە يىغىلىشى نۇقتىسىنى تەرتىپكە سالدى، چىخۇ، دوڭۇەن، شىبېيۇەن، چياۋرېن، بەنسەيگو قاتارلىق بەش يېزا - بازار مەسچىتلىرىدە ئۆز ئالدىغا ئوقۇۋاتقان 36 نەپەر «موللا»نى قايتۇرۇۋەتتى.

تۆتىنچى باسقۇچتا، بۇددا دىنى، خىرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە ئىسلام دىنىي زاتلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ئېچىپ، دىنغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمە ۋە مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە، تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاقچە ئۈچ خىل يېزىقتا باستۇرۇپ، توپلام قىلىپ ئېلان قىلدى، ھەمدە ناھىيىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «بەش يوق» (يەنى دىن مەمۇرىي، ئەدلىيە، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەھۋالى يوق، رايون ئاتلاپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋال يوق، ئۆز ئالدىغا دىنىي كەسپىي خادىملارنى يۆتكەپ ئەكىلىش ئەھۋالى يوق، ئۆز ئالدىغا ياكى تەستىقتىن ئارتۇق «موللا» تەربىيىلەش ئەھۋالى يوق، دىنغا دائىر قانۇنسىز كىتاب - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى يوق) بولۇش ۋە «بەش بار» (يەنى ھەربىر مەسچىتلەردە دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى پائالىيەت ئۆيى بار، ھەربىر پائالىيەت ئۆيىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار قانۇن بەلگىلىمىلىرى بار، تۈرلۈك تۈزۈملەر بار، دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بار، دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى يىغىنى ۋە ئۆگىنىشىنىڭ خاتىرىسى بار) بولۇش ھەركەت ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى دىنغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمە بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىپ مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلارغا تارقىتىپ

بەردى. پۈتۈن ناھىيىدىكى 59 دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ھەممىسىدە گۇۋاھنامە (رەسمىي تىزىملاش گۇۋاھنامىسىدىن 57 پارچىنى، ۋاقىتلىق تىزىملاش گۇۋاھنامىسىدىن 2 پارچىنى، ۋاكالەتچى تىزىملىغان گۇۋاھنامىدىن 57 پارچىنى) تارقىتىپ بەردى. رەسمىيەتلەرنىڭ تولۇق، ئۆلچەملىك بولۇشىنى، ئارخىپ، ماتېرىياللارنىڭ تولۇق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

گۇچۇڭ ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە رەئىس جياڭ زېمىننىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى يوليورۇقىدا چىڭ تۇردى، بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىجرا قىلدى. ئىككىنچىدىن، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئۈچىنچىدىن، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىدى. پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىجرا قىلىشتا، ئۇلار تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز خۇلاسىلاش ئاساسىدا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلىدى.

1. پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئۆگىنىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، مەركەز، گۇۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرى ۋە مەركەز، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، «ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇش» ۋە «ئەتراپلىق ئويلاش» تىن ئىبارەت ئىلمىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىنى قوغداش، دىنغا ئىتىقات قىلماسلىق ئەركىنلىكىنىمۇ قوغداش؛ ئىككىنچىدىن، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنغا ئىتىقات قىلىش ھوقۇقى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قوغداش، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى پۇقرالارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق دىننى يوقاتماسلىق، ھەمدە مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق دىننى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق كېرەك. چۈشۈنۈشتىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى ۋە ئىجرا قىلىشتىكى ئۆز خاھىشنى تەكىتلەشنى يېڭىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم خەلقنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەم خەلقنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، دىنغا ئىتىقاد قىلمايدىغان ئاما كۆپ سانى ئىگىلەيدىغان جايدا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى - مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش؛ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما كۆپ سانى ئىگىلەيدىغان جايدا، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ئومۇمەن، دىننىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىۋېلىشىنى قەتئىي توسۇپ، ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېكسپولاتتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرگىز يول قويماسلىق، شۇنداقلا «ئۆشرە»، «زاكات» «ئەمىر - مەرۇپ»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويماسلىق، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تېخىمۇ يول قويماسلىق كېرەك. ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرىنى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى پائال تەشۋىق قىلىدىغان، نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىدىغان، نەمۇنىلىك بىلەن پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ كەسكىنلىكىنى قوغدايدىغان، دۆلەتنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىگە

رىئايە قىلىشتىكى باشلامچى بولىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

2. قەتئىي بوشاشماي دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ①گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان دىنغا دائىر بىر قاتار قانۇن - بەلگىلىمە ۋە ئاپتونوم رايون ئېلان قىلغان ئۈچ ۋاقىتلىق بەلگىلىمە، بىر نىزام (33 ماددىلىق) نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قوغداش، قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ بولغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا توسالغۇ بولىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەرتىپىگە توسالغۇ بولىدىغان، ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيانلىق بولغان ياكى سىياسەت، قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولغان دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت دەپ تونۇش كېرەك. مازار تاۋاپ قىلىشتىن پايدىلىنىپ خۇراپىي ۋە باشقا قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، ئۆز ئالدىغا دىنغا دائىر كىتاب - ژۇرناللارنى بېسىپ تارقىتىش، قانۇنسىز دىنىي تەشۋىق ۋاراقلىرىنى ئۆز ئالدىغا بېسىش ۋە تارقىتىش؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئىچى ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنى سىرتىدىكى ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۈنئالغۇ، يۇقىرى ئاۋازلىق لابا ۋە باشقا ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقىتىش قاتارلىق بىنورمال دىنىي ھەرىكاتلەرنى قەتئىي توسۇش كېرەك. ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ قۇرۇش ياكى دىن ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى ئېچىپ «موللا» يېتىشتۈرۈشنى قەتئىي چەكلەش، باشقىلارنى مەجبۇرلاش، بولۇپمۇ 18 ياشقا توشمىغان ئۈسمۈر باللارنى دىن ئوقۇشقا ياكى مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلارغا بېرىپ دىن ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاشنى قەتئىي مەنئىي قىلىش كېرەك. ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاشمايدىغان پىكىرلەردە ئۆز كۆز قارىشىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈشنى تەكىتلەش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان دىنىي مەزھەپ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئوتتۇرىسىدا ماجرا پەيدا قىلىشنى قاتتىق چەكلەش كېرەك. ② مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆلچەم قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ھازىر بار بولغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قۇرۇشنى بىردەك تەستىقلىماسلىق، كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان، يېڭىلىنىدىغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا قارىتا، ئۈچ دەرىجە باشقۇرۇش بويىچە، دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى قاتتىق ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ③ رايون ئاتلاپ،دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى قاتتىق چەكلەپ، سىرتتىن كەلگەن دىنىي خادىملارنىڭ ناھىيىدىكى ھەرقانداق بىر مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋغا كىرىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. ھەرقايسى مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلار چوڭ تىپتىكى دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشتە، ئالدى بىلەن ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى تارماقلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇشى، ئىلتىماس تەستىقلانماي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا پائالىيەت ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك. سىرتتىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ ناھىيىدە مەلۇم بىر خىل دىنىي بايراقنى كۆتىرىۋېلىپ قانۇنسىز دىنىي مۇناسىۋەت باغلاش، دىن تەرغىپ قىلىش، دىن مۇرتلىرىنى كۆپەيتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قارىتا، بايقىغان ھامان، تىز، قاتتىق بىر تەرەپ

قىلىش، ھەرگىز يول قويماسلىق، بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ④ «ئىككى دىن» نى يەنە تەرەققىي قىلدۇرماسلىق. فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رايون بېكىتىش، نۇقتا بېكىتىش، ئادەم بېكىتىش پرىنسىپى بويىچە، خرىستىيان دىنى ۋە كاتولىك دىنىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى غەيرىي دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ سىڭىپ كىرىش ۋە تارقىلىپ كېتىشىنى قاتتىق كونترول قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش كېرەك. ⑤ ھەرقايسى مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش ۋە ياخشىلاش كېرەك. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پائال يېتەكلەپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇشى، بولۇپمۇ مالىيىنى باشقۇرۇشتا دېموكراتىك نازارەت قىلىش ۋە مالىيە ئىشلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئۈچۈن مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى گەۋدىلەندۈرۈش، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىچكى ئىشلارنى ياخشى بېجىرىش كېرەك. ⑥ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئالاقىدار نىزام بويىچە ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قىلىش، ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان دىنىي كەسپىنىڭ دائىرىسى ۋە ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى دائىم قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قەرەللىك ھالدا دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ خىزمىتىنى باھالاپ، ئالاقىدار نىزاملارنىڭ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى لاياقەتسىز دەپ باھالاش، ھەمدە ئۇلارنىڭ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. ⑦ دىنىي زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى پائال تەشەببۇس قىلىش ۋە يولغا قويۇش، بولۇپمۇ مەسچىتلەرگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن دىنىي زاتلارنى تەكشۈرۈش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئارقىلىق، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىنى ئىسپاتلاپ، ۋاقتىنچە ئۈچ يىللىق تەكلىپ قىلىش، تەكلىپ قىلىنغان مەزگىلدە ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلىغانلارنى ئۇدا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش كېرەك. لاياقەتسىز بولغانلارنى، تەكلىپ قىلىنغان مەزگىل توشقاندىن كېيىن قايتۇرۇۋېتىش كېرەك. ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنى ۋاقتىدا بوشىتىۋېتىش كېرەك. ⑧ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىككى خىل باھالاش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇش، يەنى ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ھەر يىلى يېزا - بازارلارنىڭ دىن خىزمىتىنى باھالىشى، ئىبادەتخانىلارنىمۇ باھالىشى كېرەك. باھالاش ئۆلچىمىدە «بەش يوق» ، «بەش بار» نى ئۆلچەم قىلىپ، ئۇنى دىنىي ساھەدىكى «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش شەرتىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

3. دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. رەئىس جياڭ زېمىننىڭ «مىللەر - دىن خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق، دىنىي مەسىلىگە قارىتا، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىق لازىم، دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇ، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، مەسىلە چىققاندىن كېيىن، ئاندىن دىن خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقى بويىچە، دىن خىزمىتىنى ناھىيىلىك

ھۆكۈمەت ئۆز خىزمىتىنىڭ ئالاھىدە ئورنىغا قويۇپ چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى توسۇش، قانۇنغا خىلاپلىرىغا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش جەريانىنى دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەريانى قىلىش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە دىن خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت «تۆتنى قوغداش» تا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

(گۇچۇڭ ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)

(بېشى 47 - بەتتە)

(بېشى 47 - بەتتە)

ھۇججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيقەستىگە قارشى تۇرۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ياخشى بىر ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرۈشتى.

كۆپچىلىك ئۆز سۆزلىرىدە «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى يەنىمۇ پۇختا تىكلەشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان سۆزلەرنى دېمەسلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ لازىملىقىنى، تېنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ئاسراش قوغداپ، ۋىلايەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنىدا، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلىدى. كۆپچىلىك ناخشا ئېيتىپ، شېئىر ئوقۇپ ئۆز ناخشا - شېئىرلىرىدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلىدى.

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش ئارىپ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.




5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئورگىنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى» ئۆتكۈزدى. مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش لىۋ يەنجېك (ئوتتۇرىدا) نۇتۇق سۆزلەش يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى.




مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە «مىللەت، دىن ۋە مۇھاجىرلار سىياسىتى بويىچە ئوقۇتقۇچىلار لېكسىيە سۆزلەش سىنىپى» ئاچتى. يىغىندا مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى لياڭ رىمىڭ (ئوڭدىن سولغا 3 - رەت)، مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئارىپ (سولدىن ئوڭغا 2 - رەت)، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەسخۇت ۋەلى (سولدىن ئوڭغا 1 - رەت) قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ژۇرنىلىمىزنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تەستىقلىغان. ئىچكى
گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسىنىڭ نومۇرى ((X.J) 0177)